# كېيەن ئىچىدىكى خىياللار

(پوۋېست)

قادىر ئاسلان

1

بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن جاپاسى تولا ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇڭا بېشىغا كۈن چۈشسىلا "ھەي سىت، بۇ دۇنياغا نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن؟ مەن نېمىدېگەن شور پېشانە ـ ھە!" دەپ، بەزىدە خۇدادىن، بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاغرىنىدىغان ئادەملەر تولىمۇ كۆپ. لېكىن قانداق ئىشكىنتاڭ، ئاغزىدا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويغىنى بىلەن، ئۇۋالچىلىق، تەڭسىزلىك، جاپا ـ مۇشەققەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، كۆڭۈل ئاغرىقلىرى ئۇستىگە بەرپا بولغان بۇ دۇنيا بىلەن بالدۇرراق خوشلىشىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. توغرا، بەزىلەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولى بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ يولنى تاللىشىمۇ بىردەملىك ئەسەبىيلىكتىن كېلىپ چىققان، خالاس. ئەگەر ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈۋېلىپ، "ئەمدى ئۆلۈپ باققىن" دېسە، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالارمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ناتايىن. شۇنداق، بۇ دۇنيادا ئۆلۈشنى خالايدىغان كىم بار، دەيسىز؟ كاتتا باي بولسا، تىرىشىپ ـ ـ تىرمىشىپ مىڭبىر جاپادا تاپقان ياكى كىملەرنىڭدۇر قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، زار قاقشىتىپ يۇرۇپ توپلىغان بايلىقىغا تارتىشىپ بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىن كەتكۇسى كەلمەيدۇ؛ ھوقۇقدار بولسا، خەقلەر بىزار بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھوقۇقنىڭ لەززىتىدىن، ھەيۋىسىدىن، راھەت ـ پاراغىتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ئۆز كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، يەنىلا خەزىنىنىڭ تۈمەن ـ تۈمەنلەپ پۇلىنى ئايىماي خەجلەپ، يەنە ياشاش ئىستىكىدە تېپىرلاپ، ھوقۇقنىڭ ھۆزۈرىنى كۆرىدۇ. بۇگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق نامرات، تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ بىرەر كۈن راھەتلىنىپ ياشاپ باقمىغان ياكى بىرەر قېتىم چىن كۆڭلىدىن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ چىش مىلىكلىرى كۆرۈنگۈچە ئاغزىنى ئېچىپ كۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر ئۈمىدنىڭ

تۇرتكىسىدە تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ يۈرۈپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە رازىكى، ھەرگىز ئۆلۈشنى خالىمايدۇ. شۇلارنى ئويلىسا، ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان، خۇدا ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ياراتقان جەننەتكە ئىنسانلار نېمىشقا ئالدىرىمايدىغاندۇ، نېمىشقا بۇ دۇنياغا كانىدەك چاپلىشىۋالىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران بولىدۇ!

مېنى ئۆلگۈسى بار دەمسىلەر؟ ياق، مەن تېنىم ساغلام، يەنە ياشايمەن تېخى، دەپ يۈرگەن بىر ئادەم ئىدىم. بىراق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئۇلۇغلۇقنىڭ كارامىتىدىن بولسا كېرەك، ئادەم ياشايمەن دەپلا ياشىۋالالمايدىكەن، ئۆلىمەن دەپلا ئۆلۈۋالالمايدىكەن. مانا، بۈگۈن سەھەردە سۈت ئالغىلى چىقىپ، ئازراق سەنتۈرۈلۈپ كەتكىنىمنى بىلىمەن، بىردىنلا "كېتىپ" قالدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ يىغا - زار قىلىپ مېنى يۆلىگەنلىرىمۇ، ماشىنىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپارغانلىرىمۇ، دوختۇرلارنىڭ كۆكرىكىمگە ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى قويۇپ "گۈپۈلدەتكەنلىرى"مۇ كار قىلمىدى. "سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ" دېگەن تەمسىل نۇرغۇن ئىشلارغا باب كەلدىيۇ، دەل مۇشۇ ئۆلۈم ئىشىدا ئۆزىنىڭ ھېكمىتىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. مانا مەن، ئۆزۈم خالىمىساممۇ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدىم. ئىلگىرى يۈرىكىمگە پاتقان رەنج ـ مۇشەققەتلەر، ھالىمدىن كەتكۈزگەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئېسىمدىن چىقىپ، يەنە مۇشۇ دۇنياغا تارتىشتىم، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلىغۇم كەلدى، لېكىن يىغلىيالمىدىم. كۆزۈمنى قىيا بولسىمۇ ئېچىپ، نەچچە ئون يىل ماڭا ھەمراھ بولغان ئايالىمنى بىر كۆرۈۋالغۇم كەلدى، لېكىن كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. ھېچبولمىسا "خوش" دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى بولسىمۇ قىلىۋالاي دەپ، كالپۇكلىرىمنى مىدىرلاتماقچى بولدۇم، بىراق ئۇلار قېتىپ قالغانىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوغلۇمغا: "كەچۈر، ئوغلۇم، سېنىڭ خىزمەت ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلمايلا كېتىپ قالدىم، ئەمدى بىرەر خىزمەت تاپقۇچە نېمە كۈنلەرنى، نېمە خورلۇقلارنى كۆرەرسەن" دېمەكچى، كىملەرنىدۇر ئىزدەپ بېقىشنى تاپىلىماقچى بولدۇم، بىراق دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن ھەسرەتلىنىپمۇ، ئۆزىنىڭ تۇتۇق كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپمۇ ياش تۆكۈۋاتقان ئوغلۇمغا ھېچنېمە دېيەلمىدىم. قارىغاندا، خۇدا ماڭا خوشلىشىۋالغۇدەكمۇ، ۋەسىيەت قالدۇرغۇدەكمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. مانا، كىملەردۇر كېلىپ مېنى يۇيۇشتى.

بوۋاق ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانام مېنى يۇيۇندۇرغان بولغىيدى. ئادەم دېگەننىڭ ھاياتىدا باشقىلارنىڭ يۇيۇندۇرۇشىغا توغرا كېلىدىغان ئىككى قېتىملىق پۇرسەت بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناتونۇش ئاياللار ناتونۇش ئەرلەرنى يۇيۇپ قويىدىغان كەسىپمۇ بارلىققا كەپتۇدەك، بىراق بۇنىڭغا خېلى كۆپ پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگۈدەك. شۇڭا يانچۇقى تومىلار بىلەن ھوقۇقى تومىلار مۇشۇ راھەتنى كۆرەرمىش. بەزىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا سىرىق سۇ قايىنىتىپ بۇ ھەقتە پاراڭلاشقانلىرىنى ئاڭلاپمۇ قالغانمەن. بىراق بۇ بىچارىلەر بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردا ھېلىقى "توم"لارنىڭ ئىككىسىلا بولمىغاچقا، ھەۋىسى ھەۋەس پېتى قېلىۋەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاندا، "تووۋا، ناتونۇش خەق يۇيسا ئادەم ئىزا تارتمامدۇ، يا ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىسا" دەپ ئويلاپ قالاتتىم. مانا ئەمدى مېنى باشقىلار يۇيۇۋاتىدۇ، مېنىڭدە خىجىل بولۇش تۇيغۇسى دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق، سوزۇلۇپ ياتقىنىم ياتقان. تووۋا، ئۆلۈم دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسە ئىكەن ـ ھە!

ئادەم ئەقىللىق، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ يارىتىلغانلىقىنىڭ كارامىتىدىن ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئارزۇ قىلىپ باقىدۇ، شۇ ئارزۇ بىلەن بىرمۇنچە ھەرەج تارتىدۇ. ئارزۇسىغا يېتەلىسە خۇشال بولىدۇ، يېتەلمىسە، يەنە قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئاندىن يەنە بىر ئارزۇنىڭ كەينىدە پايپېتەك بولىدۇ... مانا مەنمۇ بۇ قېتىم شۇنداق قىلدىم. جاپادىن بېرى كېلەلمىگەن بولساممۇ، مېنىڭ ياشىغۇم بار ئىدى، ئەمما تۇيۇقسىز كېتىپ قالدىم. دەسلىپىدە كۆڭلۈم يېرىم بولغىنى بىلەن، "ئۆلۈمگە ئامال يوق" دېگەن ھەقىقەت يادىمغا كېلىشى بىلەن، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى، دەپ قالدىم. شۇغىنىسى، تەسەللى دېگەنمۇ پەقەت ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، رېئاللىق يەنىلا رېئاللىق. رېئاللىقتىن ھەقىقىي بىزار بولمىغۇچە، كىشىنىڭ باشقا كەلگەن كەلگۈلۈككە قايىل بولغۇسى كەلمەيدىكەن.

كارىدوردىن "ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشۈۋالايلى" دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىۋاتىدۇ. قارىغاندا، مېنى مەسچىتكە ئېلىپ بارىدىغان چاغ يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. بىلىمەن، بۇ قېتىمقى يۈز كۆرۈشۈش

ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش، يەنە كېلىپ ئۇنسىز كۆرۈشۈش بولىدۇ.
چۈنكى مېنىڭ ئېڭىكىم چىڭ تېڭىقلىق، ئاغزىمنى ئېچىشىم مۇمكىن
ئەمەس. ئاغزىم ماڭا بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغىنى بىلەن، كۆزلىرىم
يەنىلا مېنىڭ خىزمىتىمدە، ھەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆتكۈرلىشىپ
كەتكەن. قاپاقلىرىم چىڭ يېپىقلىق بولغىنى بىلەن، كۆزلىرىم
ئۆيدىكى ھەممىنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈپ تۇرماقتا.

"قېنى! قېنى!" دېگەن سۆزلەردىن كېيىن، ئۆيگە كىشىلەر تىزلىشىپ
كىرىشكە باشلىدى. تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان
كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالغۇم كەلدى. بىراق قاپاقلار يېپىپ تۇرغان
كۆزلىرىمنى يەنە نېمە بىلەن توسىيالىشىم مۇمكىن؟! تەتۇر قارىۋالاي
دېسەم، مىدىرلىغۇدەك ھال مېنىڭدە نېمە قىلسۇن؟ خۇددى پۈتۈن
بەدىنىم سېمونتتا قاتۇرۇۋېتىلگەندەك! شۇنىڭدىن قارىغاندا،
تىرىكلىك يەنىلا ياخشىمۇ نېمە؟ تىرىكلىكتە بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ
كەلسە، كۆزنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قېلىشقىمۇ،
ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكىمۇ، ھەتتا ھېلىقى ئادەمگە "كۆزۈمدىن يوقال!"
دەپ ۋارقىراشقىمۇ مۇمكىن بولاتتى. بىراق ھازىر...

بۇ بىر قايغۇلۇق چىراي. ئۇ مېنىڭدەك بىر ساۋاقدىشىنىڭ بۇ
دۇنيادىن كېتىپ قالغىنىغا قايغۇرۇۋاتقانمىدۇ؟ توغرا، شۇ تاپتا
ئۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ ئويلايدۇ. لېكىن مەن
ئۇنداق ئەمەس. كۆزۈم شۇ قەدەر ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ
چىرايىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ كېتەلەيمەن. ئۇ
ماڭا قايغۇرۇۋاتقىنى يوق، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كەلگەن بەختسىزلىككە
ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرۇشنى بىلىدىغان
ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ
شۇنداق ئادەم!
سادىق! بۇ ئىسىم ئاڭلانغاندا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىكى بىر جاراھەت
خۇددى تۈز چېچىلغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ
دۇنيادا بۇ سۆزنىڭ ئىشلىنىدىغان يېرىنىڭ تولىلىقى! شۇنداق
بولغانلىقى ئۇچۇنمىكىن، شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ياشاڭغىرىغان
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراپ تۇرغان بۇ قايغۇلۇق چىراي
ئادەم دائىم دېگۈدەك يادىمغا كېلىپ، نەپرەت تۇيغۇسىنى ئىچ -
ئىچىمدىن ئۆرلىتىپ كەلگەنىدى. ئاداۋەت ساقلاش گۇناھ، ئاداۋەتنىڭ
ۋاقتى قول ياغلىقنىڭ قۇرۇشىغا كەتكەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى

كېرەك، دەيدىكەن كونىلار. ئەگەر راستتىنلا بۇ گەپ راست بولسا، مەن
ئوتتۇز يىلنىڭ بۇياقىدا گۇناھتىن نېرى بولالمىغان بولىمەن.
ئاداۋەتلىك بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش خىيالىدا يۈرمىگەن
بولساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمدىكى ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى زادىلا يوق
قىلىۋېتەلمىدىم. مانا، ئۆلۈپ بۇ دۇنيادىن كېتەر چېغىمدىمۇ
ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك، نەپرەت بىلەن قاراپ ياتماقتىمەن.

سادىق مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم!

جاھان ئىشلىرىنىڭ كارامىتىدىنمۇ ياكى ئۆپكىسى يوق ئادەملەرنىڭ
ھاياجانلىنىشىدىنمۇ ۋە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكىشىدىنمۇ قانداق،
خېلى يىللار بولدى، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىسىم ئۆزگەرتىدىغان كىشىلەر
تېپىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. سادىق ئىسىملىك بۇ ساۋاقدىشىممۇ
خۇددى ئاتا ـ ئانىسى باش بولۇپ ئېلىپ بەرگەن ئالدىنقى ئاياللىدىن
چېنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپ ئىككىنچى ئايالنى ئالغاندەك، ئاتا ـ
ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، مەھەللە ئىمامى ئەزان توۋلاپ قويغان "باقى"
دېگەن ئىسمىنى تاشلىۋېتىپ، كونىلىقڧا قارشى تۇرۇش، يېڭىلىقنى
تىكلەش توغرىسىدىكى بىرمۇنچە ئىنقىلابىي شوئارلارنى توۋلاپ تۇرۇپ،
ئۆز ئىسمىنى "سادىق"قا يەڭگۈشلىگەن، شۇ ئارقىلىق سادىق قىزىل
قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغانلىق ۋە مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقىنى
جاكارلىغانىدى.

ئۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ
قالغانىدىم. بۇرۇنراق تىزىمغا ئالدۇرغان ۋە بۇ شەھەرلىك
بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى مېنى يېڭى
ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا ھەمكارلاشتۇرغانىدى. سادىقنى تۇنجى
قېتىم كۆرگىنىمدە، چېقىر كۆزلىرى ئادەمگە بىر خىل ئۆچمەنلىك
بىلەن قاراپ تۇرىدىغان بۇ بالا ماڭا زادىلا ياقمىغانىدى. شۇنداق
بولسىمۇ، مەن قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكەن،
تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا ياردەملەشكەن، ھەتتا ياتىقىغا باشلاپ بېرىپ
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىم يا
"ئاۋارە قىلدىم"، يا "رەھمەت ساڭا" دەيدىغان تەكەللۇپ سۆزى
چىقمىدى. لېكىن مەن بۇلارنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. چۈنكى ئۇ
مېنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر
يېتىم بالا ئىدى.

خۇدا ئۇنى نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى قىلىپ ياراتقان بىلەن، ساقال - بۇرۇت مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا تولىمۇ سېخىيلىق قىلغانىدى. ئۆگىنىڭ قارامتۇل بولغىنىغا ۋە يېشىنىڭ ئەمدىلا يىگىرمىگە ئۇلاشقىنىغا قارىماي، ساقال - بۇرۇتى پاكىز ئېلىۋېتىلگەندىمۇ، ئېڭىكى كۆپكۆك كۆكىرىپلا تۇراتتى. چاسا يۈزىدىمۇ يەنىلا يوغان كۆرۈنىدىغان بۇرۇنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن توم، ئۇزۇن ھەم قاپقارا بىرنەچچە تال تۈك تېشىغا دىردىيىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ سالغان كىشىنى دەرھال كۆزىنى ئەپقېچىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مەكتەپتە ھەر ئايدا چىش چوتكىسى ۋە پاستىسى ھەقسىز تارقىتىپ تۇرۇلغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ چىشلىرى دائىملا سارغىيىپ تۇراتتى ۋە تىنىقىدىن كۆڭۈلگە تېگىدىغان بىر خىل غەلىتە پۇراق بۇرقۇپ تۇراتتى.
يېقىمسىز چېقىر كۆزلىرىدىن ئادەمنى ئەندىكتۈرىدىغان سوغۇق نۇر چاقنايتتى. نامرات ئائىلىنىڭ غورىگىل تۇرمۇشى خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان بوي - بەستىگە دەخلى قىلالمىغان بولسا كېرەك، ئۇ ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك ئىدى. يۈك باسقان بىلەكلىرى، يوغان مۇشتۇملىرى ئادەمنى ئەيمىندۈرەتتى.

ئۇ ئايرىم بىر دۇنيا ئىدى. يا ساۋاقداشلار بىلەن ئارىلاشمايتتى، سورالغان سوئال، قىلىنغان گەپلەرگە توغلۇق بىلەن جاۋاب بېرەتتى، تاماقنىمۇ قىزغانچۇقتەك ئايرىم ئولتۇرۇپ يەيتتى. "بەش يىلنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزەرمۇ بۇ بايقۇش؟" دېيىشەتتۇق بىز بۇ غەلىتە بەندىنىڭ قىلىقلىرىغا ئىچىمىز پۇشۇپ. لېكىن بىزنىڭ ئىچىمىزنىڭ پۇشقىنى بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى.

بىر كۈنى، سادىقنىڭ بىر ياتاقدىشى ئۆگىسلى يوق ھالدا مېنى ئىزدەپ كەلدى.

ـ چاتاق بولدى، تاھىر، بەك چاتاق بولدى! ـ دېدى ئۇ ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ سۆزلەپ.

ـ نېمە ئىش بولدى؟ بىرەرسى ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

ـ ياق، مېنىڭ ئون كوي پۇلۇم ياتاقتا يوقاپ كەتتى... سەن تۇرمۇش ھەيئىتى بولغاندىكىن، ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئىزدەپ

كەلدىم.

ئۇ چاغلاردا ئون كوي پۇل دېگەن بىر ئۇچۇن تولىمۇ جىق پۇل ھېسابلىناتتى. مەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزدىم - دە، ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدىم.

پۇل يوقاتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ياتاقدىشىنىڭ دېگەنلىرىدىن قارىغاندا، سادىقنىڭ قولىنى ئەگرى قىلىپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئاچچىقى يامان، مۇشتۇمى چوڭ بولغىنى بىلەن، سادىق قورقۇنچاق چىقىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ، گەپنى ئازراق چوڭقۇرلاشتۇرۇشۇم ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بەزى گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمغا، ئۇ بىردىنلا يىغلىۋەتتى...

ئۇ پۇلنى خەجلەشكىمۇ ئۇلگۈرمىگەنىدى. پۇل ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى، بۇ گەپ پەقەت مۇشۇ بىرقانچەيلەننىڭ ئارىسىدىلا قالىدىغان بولدى. بىز ھەقىقەتەن ۋەدىمىزدە تۇردۇق. لېكىن سادىق (شۇ چاغلاردىكى باقى) بىزنى، بولۇپمۇ مېنى كۆرسە بىر خىل خۇدۇكسىرەش ئىچىدە قالاتتى.

ئۇرۇمچىگە يالاڭئاياغ كەلگەن، ئەينى چاغدا چىرايىدىنمۇ، كۆزلىرىدىنمۇ بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىغان باقى - بىر يىلدىن كېيىنكى سادىق - شۇ زامانلاردا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۇسى كەلمەيدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. چۈنكى ئۇ كىتابنى راۋان ئوقۇيالمايتتى، بۈگۈن يازغان خېتىنى ئەتىسى ئۆزى ھەجىلەپ قىيىنىلىپ كېتەتتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنى زاڭلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سۈرلۈك چىرايى، يوغان مۇشتلىرى بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ زاماننىڭ ئەركە بالىسى ئىكەنلىكى ئىدى. ئانىلار شۇملۇق ۋە ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئوغۇللىرىغا ئامراق بولغىنىدەك، خۇدامۇ مۇشۇنداق بەندىلىرىنى ياخشى كۆرەمدۇ قانداق، سادىقنىڭ تىلى تەييارلىق بۆلۈمنىڭ دەرسلىرىگە كەلمەي قىيىنىلىپ يۈرگەندە، ئۇنى بۇ دەردۇبالادىن قۇتقۇزۇپ قالدى، يەنى "كەلگۈسى ھايات يولىنىڭ ئاساسى" دەپ ئېيتىلىۋاتقان ھېلىقى دەرسلەر بىردىنلا چىققان يېرىگە كىرىپ كەتتى

ـ دە، ۋەھىمە، رەھىمسىزلىك، سۇيىقەست ۋە ئۆچمەنلىككە باي بىر كاتتا "ئىنقىلاب" باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سادىقنىڭ سۇرلۇك چىرايى، چىرقىراق ئاۋازى، قۇۋۋەتلىك بىلەكلىرى كارغا يارايدىغان كۈنلەر يېتىپ كەلدى. دەرسكە كاللىسى ئۆتمىگەن ئادەمنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ، دېيىش ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىكەن! مانا سادىق ئۆزىنى بىر يىل قىيىنىغان، مۇشۇ ئىنقىلاب باشلانمىسا، يەنە تۆت يىل قىيىناشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئوقۇتقۇچى ـ پوقۇتقۇچى دېگەنلەردىن ئۆچ ئېلىش، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا يارىماس ئادەم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا چۈشىنىۋالدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىر مەزمۇندىكى چوڭ خەتلىك گېزىتتىن ئون پارچىنى يېزىپ، مەكتەپنىڭ ئالدى ۋە ئارقا دەرۋازىسى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىلىرى، مەيدان قاتارلىق جايلارغا چاپلىدى. چوڭ خەتلىك گېزىتتە ئۇ كونىلىقنى بۇزۇش ئىرادىسىنىڭ ئەمەلىي ۋە جانلىق پاكىتى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ كونا ئىسمى "باقى"نى "سادىق"قا ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتكە دىققەت قىلغۇچىلار ئاساسەن ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتنىڭ پوچىركىسىنىڭ سەتلىكىگە، خەتنى ئوقۇپ بىرەر سۆزنى ئاڭقىرىشنىڭ قىيىنلىقىغا ھەيران بولغان ھالدا سەپسالغۇچىلار بولدى. ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق سەت خەتنى ئوقۇيالايدىغانلار چىقىپ قالدى ـ دە، باقى ئىسمىلىك بىر كەسكىن ئىنقىلابچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىغا قارىتىپ ئوت ئاچقانلىقىنى باشقىلارغا "تەرجىمە" قىلىپ بەردى. مانا شۇنداق قىلىپ، باقى سادىق بولۇپ قالدى.

ئىنقىلابنىڭ قالپاق كىيگۈزۈش باسقۇچىدا، سادىق تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم قەغەز قالپاق كىيگۈزۈلگۈچى مەن بولۇپ قالغىنىم قىزىق. ئۇ مېنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا تۇتۇۋالدى ـ دە، بېشىمغا قەغەز قالپاقنى كىيگۈزۈپ، بىر توپ "جىن ـ شەيتانلار"نىڭ قاتارىغا كىرگۈزمەكچى بولدى. مەن قارشىلىق كۆرسەتتىم، چۈنكى نېمە گۇناھىم بارلىقىنى بىلمەيتتىم.

ـ نېمە قىلغىنىمغا بۇنداق قىلىسەن؟ـ دېدىم مەن بېشىمدىكى قالپاقنى تاشلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ،ـ ئېسىڭدە بولسۇن، مەنمۇ بىر ئوقۇغۇچى!

ـ سەنمۇ بىر ھوقۇقدار، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھوقۇقدار! ـ دېدى

سادىق قولۇمنى كەينىمگە قايرىپ تۇرۇپ،ـ كەمبەغەللەرنىڭ
بالىلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن هوقۇقدارلار مۇشۇنداق جازاغا
ئۇچرايدۇ!

ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر سىنىپىنىڭ تۇرمۇش ھەيتىنىڭ "كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار"لار قاتارىغا كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى،
ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى. چۈنكى
ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ ئوغرىلىق دېلوسىغا قول تىققانىدىم. گەرچە
بۇ ئىشنى سادىقنى ئايىغان ھالدا بىر تەرەپ قىلغان ۋە ۋەدەمدە
تۇرۇپ بۇ ئىشنىڭ بۇسىنى چىقارمىغان بولسامۇ، يەنىلا ئۇنىڭ
چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم.

بۇ ئاجايىپ ئىنقىلاب بولغانىدى. بىرى يەنە بىرىنى پالانى دەپ
قويسا، ھېچكىم "ياق، ئۇنداق ئەمەس" دەپ ئاقلاشقا جۈرئەت
قىلالمايتتى؛ بىرى يەنە بىرىگە قەغەز قالپاق كىيگۈزسە ياكى
بوينىغا ئەسكى داسنى ئاسسا، باشقا بىركىم ئۇنىڭدىن: "نېمە
سەۋەبتىن بۇنداق قىلىسەن؟" دەپ سورىيالمايتتى. شۇڭا بىر ـ بىرى
بىلەن ئاداۋىتى بارلار، بىرەر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن تەگىشىپ
قالغانلارمۇ بىر ـ بىرىگە قالپاق كىيگۈزۈشۈپ، پۇخادىن چىقىشقا
كىرىشىپ كەتكەنىدى. مانا مەن شۇ قاتاردا قالپاق كىيگۈچىلەرنىڭ
بىرى بولۇپ قالغانىدىم.

ئۆۋالچىلىقتىن يۈرىكىم ئۆرتەندى. ياخشىلىقا يانغان يامانلىق
يۈرىكىمدە نەپرەت ئوتىنى ياندۇردى. مەن سادىققا قاتتىق ئۆچ بولۇپ
كەتتىم. بىراق ھەرقانچە ئۆچ بولسامۇ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا
مەجبۇر ئىدىم.

سادىق چېپىپ، ياق، ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. "ئىنقىلاب"نىڭ دەسلەپكى
چاغلىرىدا، ئۇ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئىلىم بەرگەندىن باشقا
ھېچقانداق گۇناھى يوق ئوقۇتقۇچىلارغا، مەكتەپنىڭ چوڭ ـ كىچىك
ئەمەلدارلىرىغا، ئەجدادىنىڭ ئۆتمۈشتە باي ئۆتكەنلىك گۇناھىنىڭ
دەردىنى ئەمدى تارتىشقا مەجبۇر بولغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدە
ئەمەل تۇتۇپ قويغان دادىسى ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ "جىنايەت"
پاكىتلىرىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلغان ساۋاقداشلىرىغا قالپاق

كىيگۈزۈش، بوينىغا ئاللىقانداق بىرنېمىلەرنى ئېسىپ سازايى قىلىش، ئۇلارنى پىچەن ـ كۆرەش قىلىش ئىشلىرىدا چاپارمەن ۋە رەھىمسىز كالتەكچى بولغانلىقى بىلەن پۈتۈن مەكتەپتىكىلەر تونۇيدىغان "داڭدار شەخس" سۈپىتىدە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى.

بىر قېتىم، بىزنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرىمىزنى پىچەن ـ كۆرەش قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. يىغىنغا باشقا فاكۇلتېتلاردىنمۇ "ۋەكىل"لەر كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا پىچەن ـ كۆرەش قىلىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، "ئىلغار تەجرىبە"لەرنى ئۆز فاكۇلتېتىدا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە، بىر فاكۇلتېتتا بۇنداق يىغىن ئېچىلسا، باشقا فاكۇلتېتلاردىن ۋەكىللەر قاتنىشىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى.

بېشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، يېشى خېلى چوڭىيىپ قالغان ئېگىز بوي ئادەم بىرلەشمە سىنىپنىڭ مۇنبىرىدە ئېڭىشتۈرۈپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئىككى "يايى"نىڭ بىرسى سادىق ئىدى. ۋەزىپىسى ئېغىر، خىزمىتى ئالدىراشلىقىدىن ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىشقا ۋاقتى يەتمىگەن بولسا كېرەك، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرى، كۆرەڭلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى. بىراق بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن نەشتەردەك چىقىپ تۇرغان تۈكلەر ئۇنى يىرگىنچلىك قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بىچارە فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ يېتەرلىك دوڭغىيىپ تۇرغىنىغا قارىماي، سادىق بىردەم ـ بىردەم ئۇنى تۇرتۇپ: "دوڭغاي! بېشىڭنى تۆۋەن قىل!" دەپ تۇۋلاپ قوياتتى.

فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ قايسى "جىنايىتى" ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ رىياسەتچى ئۇنىڭ بىر "جىنايىتى"نى ئوقۇپ بولۇپ:

ـ شۇنداق قىلغىنىڭ راستمۇ؟ـ دەپ سورىدى ھەيۋە بىلەن.

ـ ياق! مەن ئۇنداق قىلمىدىم! ـدېدى مۇدىر بېشىنى كۆتۈرۈپ. بىراق شۇ ھامان ئۇنىڭ گەجگىسىگە سادىقنىڭ يوغان مۇشتۇمى تەگدى ـ دە، ئۇ يەنە بايىقىدىنمۇ بەكرەك دوڭغىيىپ قالدى.

ـ سېنىڭ خورىكىڭ ئەجەب ئۆسۈپ كېتىپتىا! سەن تېخى "ياق" دەۋاتامسەن؟ـ رىياسەتچىنىڭ ۋەزىپىسىنى تارتىۋالغان سادىق فاكۇلتېت مۇدىرىنى دۈشكەللەپ ۋارقىراشقا باشلىدى،ـ ئەمىسە، بىز ساڭا يوق گۇناھنى ئارتىپتۇق ـ دە! بۇ سېنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا تۆھمەت قىلغىنىڭ! مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ھاقارەتلىگەنلىكىڭ! پرولېتارىيات دىكتاتورىسى بىلەن قارشىلاشقىنىڭ! يار لېۋىدىن ئېتىڭنىڭ تىزگىنىنى تارتمايدىغان بولساڭ، ھالاك بولىسەن! ئېيتە! ئاشۇ گۇناھىڭ يالغانمۇ؟

سادىق سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى سوئالنى شۇنداق كۈچەپ سورىدىكى، ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن تەڭلا يەنە بىر غەيرىي ئاۋاز شۇنىڭغا ئوخشاشلا قاتتىق چىقىپ كەتتى. جىددىي ۋە سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە تۇرغان يىغىن زالىدا بىردىنلا قاقاقلىغان كۈلكىلەر ياڭراپ كەتتى، ھەتتا دوڭغىيىپ تۇرۇۋېرىپ بېلىنى رۇسلىغۇدەك ھالى قالمىغان، ئۆزى زادىلا سادىر قىلىپ باقمىغان گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى قانداق بېرىشنى بىلەلمەي قالغان فاكۇلتېت مۇدىرىمۇ پىسىڭگىدە كۈلۈۋەتتى.

سادىقنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى، قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزى نېمىدۇر بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك مىدىرلاپ كەتتى. كۈلكىلەر تېخى بېسىلمىغانىدى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى يەتمىگەندەك، "قوش ئاۋاز" ياڭرىتىپ يىغىنىنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن سادىققا خاپا بولغان يىغىن رىياسەتچىسى ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ تۇراتتى.

ـ نېمىگە كۈلىسىلەر؟!ـ سادىق بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى،ـ ھازىر قانداق ۋاقىت؟ ھازىر بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ ھەربىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتىكى ئىپادىسى ئۇنىڭ سادىق ـ سادىق ئەمەسلىكىنى، ئىنقىلابىي پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇيۇقسىز چىققان بىر ئۇسۇرۇق ئۇچۇن يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇش قانداق پوزىتسىيە؟! بىلىپ قويۇڭلار، بۇ ئۇسۇرۇق ماۋۇ جاھىل ئۇنسۇرنى،ـ سادىق فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ بېشىغا نوقۇپ قويدى،ـ كۈرەش قىلىش جەريانىدا چىققان ئىنقىلابىي ئۇسۇرۇق، قىزىل ئۇسۇرۇق!...

كۈلكىلەر جىمىقتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىشنى يوللۇق قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا "ئىنقىلابىي" ياكى "قىزىل" دېگەن سۆزلەر سۈپەت قىلىنسىلا

كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە ھېچكىم بۇنى كۈلكە قىلىش بىلەن ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايتتى. لېكىن سادىقنىڭ "قىزىل ئۇسۇرۇق" ۋەقەسى پۈتۈن مەكتەپكە تارقاپ كەتتى. كىشىلەر سادىقنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە دېيەلمىگىنى بىلەن، ئۇنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويىدىغان بولدى، يەنە كېلىپ، سادىقنىڭ ئىسمى چىقسا، باشقىلار قەستەن: "قايسى سادىق؟" دەپ سورايدىغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا: "ھېلىقى سادىق قىزىل پۇرۇكچۇ!" دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

كېيىن، كىشىلەر ھەق - ناھەقنى ئايرىماقچى بولۇشۇپ، توغرىراقى ئۆزىنىڭكىنى راست قىلماقچى بولۇشۇپ، يۇقىرى قاتلامدىكى گۇرۇھ كۈرەشنىڭ چاپارمەنلىرى سۈپىتىدە ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتكەندە، سادىق ھەمراھلىرى بىلەن بىللە باشقا مەكتەپنى بازا قىلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى...

بىرمۇنچە مالىمانچىلىقلاردىن كېيىن، "ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش" شامىلى سادىقلارنى يەنە مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. تەقدىر ماڭا قايتا تەربىيە مەزگىلىنى ئۇنىڭ بىللە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارىدىغانلىقىمنى ئۇققىنىمدا، چوڭقۇر يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىنقىلاب باشلانغان مەزگىلدە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قايتا تەربىيە مەزگىلىنى مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن ئۆتكۈزۈش ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. بىراق مەن ئامالسىز ئىدىم، ئالمىشىشقا زادىلا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى.

يۈز يىگىرمىدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بۆلۈنگەنىدۇق. مەيلى ئۇ يىللار شۇنچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسۇن، مەيلى كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن ئاداۋەتلىك بولۇپ كەتكەن بولسۇن، لېكىن ئۇرۇمچىدىن، مەكتەپتىن، ياتاقداشلاردىن، ساۋاقداشلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماسلىق ھېسسىياتى كۆڭۈللەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزگە نامەلۇم تەقدىرنىڭ چىغىر يوللىرى ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى. بىز بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ،

ۋاقتى بىزگە ئېنىق بولمىغان مۆھلەت ئىچىدە قايتا تەربىيە قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق بولسىمۇ، بىراق بۇ يوللارنىڭ كېيىنكى مەنزىلىنىڭ قەيەرگە تۇتىشىدىغانلىقى، بىزنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقى قاپقاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا بىز قىيالماسلىق، كەلگۈسىمىزدىن ئەنسىرەش ھېسسىياتىمىزنى يىغا - زار بىلەن خوشلىشىش ئارقىلىق ئىپادىلىدۇق. مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن مەيدان خوشلىشىش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن بىر دوستۇم بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىمدا، كۆزۈم سادىققا چۈشۈپ قالدى. ئۇ پەستىكى خوشلىشىش مەنزىرىسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن سوغۇققىنا قاراپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ خوشلاشقۇدەك بىرەر ئادىمىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقۇدەك بىرەر ئادەممۇ يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن "جاھىل ئۇنسۇرلار، شۇنچە يىللىق ئىنقىلابمۇ سىلەرنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ. قايتا تەربىيە ئېلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپە زىممەڭلارغا يۈكلەنسە، بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ماڭقاڭلارنى ئېقىتىۋاتىسىلەر. ئىسىت، مېنىڭ ۋاقتىمىز يەنە بەش كۈن كېچىكتۈرۈلگەن بولسا، ‹ئەمدى يىغلىشە› دەپ، تازا كۆرگۈلۈكۈڭلارنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ئالدىمىزدا يەنە پۇرسەت بار، يېڭى جايغا يېتىپ بارغاندا كۆرسىلەر" دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە، چاتقال، يۇلغۇن، يانتاق ۋە قامغاقلار قاپلىغان بىپايان چۆللۈكتە توپتوغرا ئون تۆت ئاي ياشىشىمىزغا توغرا كەلدى. روبېنزون كروزو دېگىنىز ئوتتۇرىسىدىكى تەنھا ئارالدا قانداق ياشىغان بولغىيدى؟ جۈمە ئاتلىق بىرەيلەننىڭ ھەمراھ بولۇشى ئۇنى تەنھالىق، غېرىبلىق ھېسسىياتىدىن قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە كېيىن كەلگەنلەرنى قوشقاندا يۈز ئەللىكچە ئوقۇغۇچى بار بولسىمۇ ھەم ھەممەيلەن تەڭ دېمەتلىك ياشلار بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش يەنىلا زېرىكەرلىك ئىدى. ھەربىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ھەرھالدا توك، مۇنچا قاتارلىق ھازىرقى زامان مەنۇلاتلىرىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن بىزنى بۇ دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇراتتى، بىراق ھەممە نەرسە قېلىپ ئىچىدە بولغاچقا، بىر خىل دىمىقتىلىق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئىنقىلاب باشلانغاندىن تارتىپ بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بەش يىل ۋاقىت نۇرغۇنلىرىمىزدىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى خورتىۋەتكەنىدى. بىزنى

ئەخمەق قىلىنغانلىق تۇيەيلى پەيدا بولىدىغان رەنجىش ھېسسىياتى ۋە
بىزار بولۇش تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانلىقى تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك،
ئۇلۇغۋار، جاراڭلىق شوئارلار بىزگە قارىتا بۇرۇنقىدەك
ھاياجانلاندۇرۇش كۈچىدىن قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن دېھقانچىلىق
مەيدانىدىكى قويۇق سىياسىي كەيپىيات، قاتتىق ھەربىي تۈزۈم
ھەربىرىمىزنىڭ نېرۋا تومۇرلىرىمىزنى خۇددى چالغۇ ئەسۋابىنىڭ زىل
تارىدەك چىڭ تارتىپ، ھېلىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك بىر خىل
جىددىيچىلىك ئىچىگە سېلىپ قويغانىدى.

ھەر ئون ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا ئىدۇق، مەيدان تەرەپتىن قويۇلغان
بىر گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، جەمئىي ئون بىر كىشى بىر ياتاقتا
ياتاتتۇق. مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئۆز ئىچىمىزدىن تەيىنلەنگەن
بولۇپ، بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى بۇ ئەمەلدار دەل سادىق "قىزىل پۇرۇك"
ئىدى. گۇرۇپپىلارنىڭ رەت تەرتىپى ۋە ئىسمىلىك ئېلان قىلىنغاندا،
سادىق بىلەن بىر گۇرۇپپىدا بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم
ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە!
مەكتەپتىكى ھېكايىلىرى ـ شەپقەتسىزلىكى ۋە يۈزسىزلىكى يادىمغا
كەلگەن، بېشىمغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ ئالدىغا سېلىپ چاپتۇرۇپ
يۈرگەنلىرى، قارشىلىق قىلغىنىمدا قولۇمنى كەينىمگە قايرىپ
گەجگەمدىن باسقانلىرى ھازىرلا يۈز بەرگەندەك كۆز ئالدىمغا كەلگەن،
گويا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەر كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بىلىنىپ
كەتتى. مەنلا ئەمەس، مېنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا،
ھەممەيلەننىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن، ھەسرەت بىلەن باش
چايقاشقانىدى. لېكىن نېمە ئىلاج؟ ھەربىي تۈزۈملۈك دېھقانچىلىق
مەيدانىدا بىزنىڭ سايلاش ھوقۇقىمىز نېمە قىلسۇن؟!

بىزنىڭ روھىمىز چۈشۈپ كەتكىنى بىلەن، سادىق خۇشاللىقىدا قېلىن
كالپۇكلىرىنى يۇمالمايلا قالغانىدى.

بۇ فېۋرال ئېيىنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنلىرى ئىدى. نەشتەردەك
سانجىلىدىغان چۆل شامىلى سۆڭەك ـ سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتەتتى.
مىنۇت ـسېكۇنت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن كۈندىلىك تۇرمۇش
تەرتىپىگە كۆنۈش ۋە بۇ تەرتىپنى تولۇق ئورۇنداش ئاسانغا
چۈشمەيتتى. ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا ئورۇندىن تۇرۇپ ھاپىلا ـ

شاپىلا كىيىنىپ ۋە يۈز - كۆزنى يۇياتتۇق، ئاندىن سەپكە تىزىلىپ ئېتىزلىقتا مېڭىپ، تا سائەت سەككىزگىچە يەر تۈزلەش، قىر چېپىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولاتتۇق. بىچارە قورساقلار قورساق بولغىنىغا تويۇپ كەتكەندەك ئاچلىقتىن تارتىشىپ كېتەتتى. پات - پات قۇياشقا قاراپ سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتۇق، بىراق بۇنداق چاغلاردا سائەت مەڭگۈ سەككىز بولمايدىغاندەكلا بىلىنىپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىت يېتىپ كەلمىگۈچە، بىزنىڭ ئەتىگەنلىك تاماقنى يېگىلى ئەترەتكە قايتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەتمەن ھەرىكەتتىن توختاپ قالسا بولمايتتى، ئاچلىققا قوشۇلغان ھارغىنلىق ئادەمنى قىينايتتى. سادىققا ھەيران بولاتتىم. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمامدىغاندۇ، قولى تالمامدىغاندۇ، دەپ كېتەتتىم مەن ئۇنىڭ توختىماي كەتمەننى ئوينىتىقىنىغا قاراپ. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭدىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنىڭ كۈچىدۇر. يەنە كېلىپ، مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقلىق مەنسەپ ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى. بۇ مەنسەپ ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە قاپىقىغىمۇ كۈچ بەرگەن بولۇپ، ئۇ پات - پات بىزگە ئالىيىپ قاراپ: "ئەزمەڭنى ئېزىشمەي تېزرەك ئىشلەشمەمسەن؟ ھەرقايسىڭ بۇ يەرگە قايتا تەربىيە ئالغىلى كەلگەنمۇ ياكى ھاڭۋاققىلىمۇ؟!" دەپ ۋارقىرايتتى. بۇنداق ۋارقىراشلار، تۇرۇپلا بىرەرىمىزنىڭ ئالدىغا دېۋىيلەپ كېلىشلەر، تۇرۇپلا گورۇپپا باشلىقىغا چېقىشلار ئەتىگەنلىك ئەمگەكتىلا ئەمەس، چۈشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەمگەكلەردىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئومۇ، بىزمۇ ئوخشاشلا ئوقۇغۇچى، ئوخشاشلا قايتا تەربىيە قوبۇل قىلغۇچى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ساقچىسى، بىز ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگۈچىدەكلا قىلاتتۇق.

غەزىپىڭ ئىچ - ئىچىڭدىن ئۆرلەپ تۇرىدۇ، ئاغزىڭنى بۇزۇپ تىللىغۇڭ، ھەتتا ئۇنىڭ تۈك باسقان ئېڭىكىگە ياكى تۈكلىرى چىقىپ تۇرغان يىرگىنچلىك بۇرنىغا تازا كېلىشتۈرۈپ سالغۇڭ كېلىدۇ. ئەمما بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ خاراكتېرى سېنى ھەرقانداق قىلىۋېتىشكە بولىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئەڭ ياخشىسى، ئىچىڭدە مىڭنى تىللاپ، ئۇنۇڭنى تېشىڭغا چىقارماي، ئۆزۈڭگە "بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغۇ" دەپ تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ ئۆتكىنىڭ تۈزۈك. قورساق قاتتىق ئاچقاندا ئادەمنى قۇرۇق گەپتىنمۇ ئارتۇق بىزار

قىلىدىغان يەنە بىر نەرسە بولمىسا كېرەك، بىراق مەجبۇرىي هالدا قۇرۇق گەپ ئاڭلىشىڭ كېرەك بولسا، بىزار بولساڭمۇ يەنىلا ئاڭلىماي ئىلاجىڭ يوق. ئەترەتنىڭ ئىككى مەسئۇلى هەر قېتىملىق تاماق ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، نۆۋەتلىشىپ سۆزلەشكە باشلايتتى. بىر خىلدا تەكرارلىنىدىغان، سۆز - ئىبارىلىرى قۇرغاق، ئەمما تەهدىت كۈچىگە ئىگە بۇ نۇتۇقلار ئاز دېگەندە ئون بەش مىنۇت داۋام قىلاتتى. گەپ تۈگەپ، "تارقىلىڭلار!" دېگەن بۇيرۇق بېرىلگەندىن كېيىن، ئاشخانىغا گۈرۈلدەپ كىرىپ كېتەتتۇق. لېكىن تاماقنى خاتىرجەم يېيىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. "ئاشخانا رادىئوسى" ئاتىلىدىغان "پروگراما" بار بولۇپ، بىركىملەر تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جانلىق ئىدىيىسىنى، بۇ جانلىق ئىدىيىنى تۇگىتىش ئۈچۈن قانداق ئۇرۇندىدىن پايدىلانغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. بۇ هەربىر ئادەمنىڭ سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان پروگراما بولۇپ، هەربىر ئادەمنىڭ قايتا تەربىيىنى قوبۇل قىلىش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش دەرىجىسىنىڭ قانداق سەۋىيىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇهىم ۋاستە ئىدى. چاتاق يېرى شۇكى، سېنىڭ جانلىق ئىدىيەڭ هەر قېتىم سۆزلىگەندە بىر خىللا بولسا بولمايتتى. شۇڭا كاللاڭدا بولمىسىمۇ، يېڭى - يېڭى جانلىق ئىدىيىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشىڭغا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇرۇندىلەرنى يادلىشىڭغا توغرا كېلەتتى. پەقەت جانلىق ئىدىيىنى سۆزلەپ قويۇش بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولمايتتى، يەنە يېڭى -يېڭى كەمچىلىك - يېتەرسىزلىكلەرمۇ سۆزلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ جەهەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكلەرنى ئۆتكۈزۈشكە، ئۆتكۈزمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆتكۈزگەندەك قىلىپ سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى.

بۇ يەردە هەممەيلەن بىر - بىرىدىن ئۈركۈپ يۈرەتتى، هېچكىم هېچكىمگە كۆڭلىدىكى راست گەپنى قىلمايتتى. ئۆزارا قىلىشىۋاتقان گەپلەر شۇنچە ياسالما بولۇپ، يالغانچىلىق قىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، قارشى تەرەپ ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى هەمدە ئۆزى گەپ قىلغاندىمۇ يەنە بىرەيلەننىڭ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ يەردە سىرداش دوستلار يوق، هەركىمنىڭ سىردىشى پەقەت ئۆزىلا ئىدى. شۇڭا هەركىم ئۆزى بىلەن سۆزلىششكە مەجبۇر ئىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇخلاش ۋاقتىغىچە بولغان ئىككى سائەتلىك ئۆگىنىش ۋاقتى ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن سۆزلىشىش ۋاقتىمىز ئىدى. كات ئۈستىگە مۇقەددەس كىتابنى قويۇپ،

ئۇنىڭ بىر ۋارىقىنى ئېچىپ قويىمىز، يېنىغا موخۇركا قۇتىسىنى قويۇپ، تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوراپ چەككىنىمىزچە خىيالغا پاتىمىز، توغرىراقى ئېچىمىزدە ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلىشقا، ئەسلىمىلەرنى ئەسلەشكە، بىز ئۇچۇن تونۇق بولغان كېيىنكى كۈنلىرىمىز ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىمىزنى تۆكۈشكە باشلايمىز...

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە دەم ئالىمىز. بۇ ۋاقىتتا، كىر ـ قات يۇيۇۋېلىشقا، مۇنچىغا چۈشۈۋېلىشقا بولاتتى. بىراق بۇ ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى بۇنداق شەخسىي ئىشلارغا ئاتىۋېتىشقا بولمايتتى، بەلكى دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ يەردە يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئەما بوۋاي يوق، يا سۇيىنى ئەكىرىپ بېرىدىغان تەنھا موماي يوق، يا تازىلاپ قويىدىغان كەڭرى مەيدان يوق. كېلەر يەكشەنبىگىچە ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق ۋاقتىدا ئاڭلىتىلىدىغان "ئاشخانا رادىئوسى"دا سۆزلەشكە دەسمايە تېپىش غېمىدە ھەممەيلەن ياخشى ئىشنى ئىزدەپ يۈرىدىغان گەپ. چاتاق يېرى شۇكى، ئۆزىمىزدىن ئۆزگە ھېچكىم يوق بۇ چۆلدە ياخشى ئىشنى تېپىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. لېكىن ياخشى ئىش قىلمىساق بولمايتتى. شۇڭا چۆلگە بېرىپ تېزەك تېرىش ھەممەيلەن ئۈچۈن ھەم ئورتاق، ھەم ھەرھالدا كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. كۆڭۈللۈك يېرى شۇ ئىدىكى، بۇ چاغدا بىر تاغارنى كۆتۈرۈۋېلىپ يالغۇز چىقىپ كېتىشكە بولاتتى. بۇ بىز ئەركىنلىكتىن ئازراق بولسىمۇ بەھرىمەن بولالايدىغان، ھەتتا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى غىڭشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ماشىنا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىگە، ئاللا ياراتقان ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلالايدىغان ۋاقىت ئىدى. بىرەر ـ ئىككى سائەت تەرلەپ ـ پىشىپ تاغارنى تېزەك بىلەن توشقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، چاتقال ياكى بىرەر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە بۇلۇتسىز كۆك ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا يېتىش ھەقىقەتەن ھۇزۇرلۇق ئىشمىدۇ؟ ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ھەرقانچە كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، قەلبىڭنى سۆيۈپ ـ ئەركىلىتىپ ئۆتسىمۇ، ئاخىرىدا سەن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان رېئاللىق سېنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى، يۈرىكىڭنى ئېزەتتى.

دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ئىككى ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەترەتنىڭ ئىككى باشلىقىنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيان كۈندە ئۈچ ۋاخ سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىنى قايتا ئاڭلىغاندىن كېيىن،

ئاشخانىغا كىرىشكە باشلىدۇق. نېمە بولغىنىم يادىمدا يوق، تىلىمنىڭ ئۇچىغا بىر ئاھاڭنىڭ يارتىسى كېلىپ قالدى: "ئايلانىمەن قاراكۆز..."

مۇرەمگە تەگكەن مۇشت مېنى ئالدىمغا دۈگجىتىۋەتتى. مەن غەزەپ بىلەن ئارقامغا ئېتتىلىپ بۇرۇلدۇم. سادىق كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا دېۋەيلەپ تۇراتتى.

ـ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نېمىشقا بىكاردىن بىكار ئادەمنى ئۇرىسەن؟

ـ نېمە؟ بىكاردىن بىكار؟ـ سادىق بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى،ـ ھەي كۆپچىلىك، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۇنى بىكاردىن بىكار ئۇرۇپتىمەنكەن! ھەي قالاق ئۇنسۇر، ھېلى نېمە ناخشا ئېيتتىڭ؟ راستىڭنى ئېيتە!

راست گەپنى ئېيتسام، تىلىمغا كەلگەن ھېلىقى بىر مىسرانىڭ ئاغزىمدىن چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن:

ـ قاچان ناخشا ئېيتىپتىمەن؟ـ دېدىم تاتىرىپ.

ـ ما گۇينى... قاراپ تۇرۇپ تېنىۋېلىۋاتىدۇيا! ھەي، كىمىڭنى ئەخمەق قىلماقچىسەن؟ بۇ گەپچە مەن ساڭا تۆھمەت قىلىۋېتىپتىمەن ـ دە؟ ياۋاش بولغىنىڭ ياخشىمىكىن سېنىڭ! سېرىق ناخشا ئېيتقانلىقىڭنى مەنلا ئەمەس، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، كۆپچىلىك؟

مەن بىچارىلەرچە ئەتراپقا قارىدىم. ماڭا غەزەپ بىلەن قارىغانلارمۇ، زاڭلىق نەزىرى بىلەن قارىغانلارمۇ، ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قارىغانلارمۇ بار ئىدى، بىراق "مەن ئاڭلىمىدىم" دەپ، مېنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ئىككى ئايدىن بۇيان قىلغان ھەربىر ئىشىمدىن دېگۈدەك قۇسۇر چىقىرىپ يۈرگەن، ئەمما چوڭراق پۇتاق تاپالمايۋاتقان سادىقنىڭ يانپېشىغا چىقىپ قالغىنىمنى تۇيدۇم. مەن ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەرنىڭ باشلانغىنى ئېنىق ئىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا سادىقنى ئوغرىلىق سەتچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىم. لېكىن سادىق ئۇنىڭ مۇشۇ

سىرنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا قاتتىق ئۆچ ئىدى، قەغەز قالپاقنىمۇ پەقەت شۇ تۈپەيلىدىن كىيگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ دەردى بۇنىڭ بىلەنلا چىقمىغاندەك قىلاتتى. قارىغاندا بۇنىڭ دەردىنى داۋاملىق تارتىشىم كېرەكتەك قىلاتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا "ئاشخانا رادىئوسى"دا ئۆزۈمنى تەكشۈرگىنىم بىلەن بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدىم. گۇرۇپپىنىڭ كەچلىك ئۆگىنىش ۋاقتى مېنىڭ سېرىق ناخشا ئېيتىش جىنايىتىمنى پىپەن قىلىشقا بېغىشلاندى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ بېشىمنى ئېگىپ تۇرغىنىممۇ، سادىق ۋە بىرنەچچەيلەننىڭ ئەزۋەيلەپ سۆزلەشلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلىغىنىممۇ، ئاخىرىدا ئۆزۈمنى روھىي دۇنيايىمغا تاقاپ قاتتىق تەكشۈرگەنلىكىممۇ مېنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزەلمىدى. بۇنداق يىغىن بىرنەچچە ئاخشام داۋام قىلدى. ئاخىر "ھەرھالدا ئۆز خاتالىقىنى تونۇشتا ئىلگىرىلەش بار" دېگەن باھاغا ئېرىشكەن بولدۇم. لېكىن بىر يىلغىچە ھەر كۈنى بىر قېتىم "ئاشخانا رادىئوسى"دا ئۆزۈمنىڭ "جىنايىتى" ـ سېرىق ناخشا ئېيتقانلىقىم تۈپەيلى ئۆز ـ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشتىن قۇتۇلالمىدىم. سەپرايىمنى ئۆرلىتىدىغان، سادىققا تېخىمۇ ئۆچ قىلىۋېتىدىغان يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ "ئاڭلىتىش" بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا، سادىق ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، ئۆزىنى "تەكشۈرۈش"كە باشلايتتى:

"ئەڭ ئالىي يولىيورۇق: ‹ سۇپۇرگە تەگمىگۈچە ئەخلەت ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.› سېرىق ناخشا ئېيتىش ۋەقەسىدە مېنىڭ جاۋابكارلىقىم بار. چۈنكى مەن سېرىق ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلالمىدىم. بۇ مېنىڭ سىياسىي سەۋىيەم ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكۈمنىڭ تېخى تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مەن بۇنىڭدىن كېيىن..."

ئۇ ھەر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ "ئۇزۇندە" ئوقۇغاندا يۈرىكىم جىغىلداپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ تاللىغان "ئۇزۇندە"لەرنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولۇپ، ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. يەنە كېلىپ، سادىقنىڭ تەكشۈرۈشى پەقەت سېرىق ناخشا ئېيتقان نەق مەيداندا مېنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆپچىلىككە قايتا ـ قايتا جاكارلاش ھەمدە مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىشنى مەقسەت قىلغانىدى. توۋا، "ئايلانىمەن قارا كۆز"

دېگەن بىر مىسرا مېنى بىر يىل قىيىنىغىنى قىزىق - ھە؟ ئىش بۇنىڭ
بىلەنلا تۈگىمىسە كېرەك، "سېرىق ناخشا ئېيتتى" دېگەن بۇ گۇناھ
مېنىڭ ئارخىپىمغا يېزىلىپ، مەن ئۆلگۈچە ماڭا ھەمراھ بولىدۇ
ھەرقاچان!

كېچىچە توڭگۇزدەك خورۇلداپ، پۈتۈن بىر ياتاقتىكىلەرگىلا ئەمەس،
ئىككى يېنىمىزدىكى ياتاقتىكىلەرگىمۇ ئۇيقۇ بەرمەيدىغان سادىق،
كۈندۈزى ئۆزىنىڭ "تەكشۈرۈشى" بىلەن ماڭا زادىلا ئارام بەرمەيتتى.
كېچىلىرى ئۇنىڭ خورۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تولغىنىپ ياتقىنىمدا:
"تۇيۇقسىز گېلىغا بىرنېمە قاپلىشىپ غىققىدە جېنى چىقىپ كەتسىچۇ!"
دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قالاتتى. خەقنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشنىڭ ياخشى
ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم، لېكىن ھېلىقى غەلىتە خىيالنى
كاللامدىن زادىلا قوغلىۋېتەلمەيتتىم. پەقەت ئۇ كېچىسى نۆۋەتچىلىكتە
تۇرغان چاغلاردىلا بۇ ئوي كاللامغا كېلىپ بولغۇچە ئېغىر ئۇيقۇغا
كېتىپ قالاتتىم.

3

بىر كېچىسى، تۇيۇقسىز پۈشتەك چېلىندى. بۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ
بىزنى جىددىي يىغىلىشقا چاقىرغىنى ئىدى. شۇ كېچىسى سادىق نۆۋەتچى
بولغاچقا، ھەممىمىز خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەنىدۇق. پۈشتەك
ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي
قاراڭغۇلۇقتا قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. كېچىلىك جىددىي
يىغىلىش سىگنالى چېلىنغاندا چىراغ يېقىشقا بولمايتتى. مەن ئوپۇر
- توپۇر ئاۋازلاردىن ياتاقداشلىرىمنىڭ ئالدىراپ
كىيىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم - دە، جىددىي يىغىلىشقا
چىقىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ، كىيىملىرىمگە ئېسىلدىم.

بەش مىنۇتتىن كېيىن، پۈتۈن ئەترەتتىكىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدۇق.
ئەترەت باشلىقىنىڭ قېشىدا سادىق گېدىيىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم تۇيدى،
قارىغاندا ئۇ بىر "خىزمەت" كۆرسەتكەندەك قىلاتتى.

ئەترەت باشلىقى گۇرۇپپىلار بويىچە يوقلىما قىلىشقا باشلىدى.
ئاردا پەقەت ئىككىيلەننىڭ ئىسمى چىققاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابى

ئاڭلانمىدى. ئەترەت باشلىقى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم تووۇلىدى، بىراق يەنە سادا چىقمىدى.

ـ بولدى، تارقىلىڭلار! ـدېدى ئەترەت باشلىقى قولىنى شىلتىپ، ئاندىن سادىقنى باشلاپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تۇيغانىدى. ھېچكىم ئۆندىمەي ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. بىزنىڭ ياتاقتىكى خەمىت يوتقىنىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ نەپرەت بىلەن بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى:

ـ ھۇ "قىزىل پۈرۈك"، ئەمدى سەن قىلمىغان تاكتاكچىلىق قالدىمۇ؟

باشقىلار كۈلۈشتى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى.

ئەھۋال چۈشىنىشلىك ئىدى. بايا يوقلىمىغا قاتناشمىغانلار بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىدى. مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار قايتا تەربىيە مەزگىلىدە بىر يەردە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە، ئالىي مەكتەپتىكى ياتاقلىرىدا ئاددىيغىنە توي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقانىدى. بىر يەرگە بۆلۈنۈش مەقسىتىگە يەتكىنى بىلەن، بىزنىڭ بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن ئەر ـ خوتۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ قالغاندىنمۇ چارە ئېغىر ئازابقا قېلىشقانىدى. قىزىل خېتى بار قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇنلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە بىر ئۆيدە بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇلار پەقەت ھەممەيلەن بار سورۇنلاردىلا ئۆزارا پاراڭلىشالايتتى. مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ ئۆزارا ئىنتىلىشى چەكسىز شېرىن بولسىمۇ، تەنلەرنىڭ ئۆزارا قوشۇلۇشقا بولغان تەشنالىقىنىڭ قاندۇرۇلماسلىقى ياشلىق دەۋرىنىڭ ئەڭ ھېسسىياتچان مەزگىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ قىز ـ يىگىتلەرنى قاتتىق قىيناپ، ئىچ ـ ئىچىدىن تۇگەشتۈرۈۋېتەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ، ھەر كۈنى "ئاشخانا رادىئوسى"دا بىر ۋاخ ئەمەس، ئۈچ ۋاخ سۆزلەپ ئۆزىنى تەكشۈرىدىغان ساۋاقدىشىمدىن بىرسى كۆپەيدى، بىر بىچارە قىز ساۋاقدىشىمىز يەردىن ئۈستۈن قارىيالمايدىغان بولدى، ئۈنسىز ياش تۆكۈپ كۈندىن ـ كۈنگە

سارغىيىشقا باشلىدى. يەنە شۇ لەنىتى "رادىئو"دا سادىقنىڭ ئاۋازى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بىرقانچە قېتىم ئاڭلاندى:

"ئەڭ ئالىي يولىيورۇق: ‹سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق لازىم.› بۇرجۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان بەزى ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئىستىل جەھەتتىكى خاتالىقىنى ئاددىي ھالدا ئىستىل مەسىلىسى دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. بۇ دېگەن ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمىزدىكى روشەن ئىپادىسى. بىز بۇ مەسىلىگە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكىدە تۇرۇپ جىددىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، سەۋەبنى يىلتىزىدىن قېزىپ چىقىشىمىز، مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ ئىشنى پاش قىلىشتا كەسكىن بولدۇم، ھەل قىلىش جەريانىدىمۇ چوقۇم كەسكىن، قەتىي بولىمەن!..."

بۇ گەپلەر بولۇنۇۋاتقاندا، بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قوياتتۇق، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتۇق، لېكىن نېمە دېيەلىشىمىز مۇمكىن؟ "ھوي ئاغىنىلەر، ئۇلار قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇنلار، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوغرىلىقچە ئىش قىلىش ئەمەس، بەلكى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بىر ئۆيدە تۇرۇش ھوقۇقى بارغۇ!" دەيمىزمۇ؟ ياق، بۇ سۆز داۋلى جەھەتتە ئورۇنلۇق بولغىنى بىلەن، داۋلىسىزلىق بىلەن ئېيتىلىدىغان سىياسىي قالپاقلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قورقۇنچلۇق سۆزلەر ئالدىدا ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، قايىل بولماسلىق ھېسسىياتىنى كۆڭۈلدە ساقلاپ ئۈندىمەسلىك، ياۋاش قىياپەتكە كىرىۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە بىركىم بىركىم ئۈچۈن ياقا يىرتىپ باشقا ئەپچىقالمايدۇ، ھەتتا بەزىدە سەن ياقا يىرتىشقان ئادەم ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سېنى ئازگالغا ئىتتىرىۋېتىشتىن يانمايدۇ. يەنە كېلىپ، سادىق كىم؟ ئۇنىڭ ئىسمىلا سادىق بولۇپ قالماي، ئۆزىمۇ ئەينى چاغدىكى ئالىجۇقىلىقنىڭ سادىق ئىجراچىسى، بىز سايلىمىساقمۇ، يۇقىرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىردىنبىر "ئۈلگە" ئىدى. شۇڭا غۇچۇرلاۋاتقان چىشلارنى بېسىۋېلىشقا، تۈگۈلگەن مۇشتلارغا ھاي بېرىشكە، تىل ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى يۇتۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئەترەتنىڭ ئىككى يۈزگە يېقىن قويى، يىگىرمە - ئوتتۇزچە چوشقىسى بار ئىدى. پادىچى ئوسمان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىز بولۇپ، مەن ئۇنى ئارىمىزدىكى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ بىلەتتىم. كەم سۆز، جىمغۇر بۇ يىگىت ھەر كۈنى ئەتىگەندە قوتاندىن قويلارنى چىقىرىپ چۆلگە كىرىپ كېتەتتى، چۈشتە قايتىپ كېلەتتى، چۈشتىن كېيىن يەنە كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلەتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھېچكىم ئۇنى باشقۇرمايتتى. ئۇ گويا چۆلنىڭ شاھزادىسى ئىدى. خالىسىلا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئادەمزاتسىز چۆلدە "ئايلانىمەن قارا كۆز"نىلا ئەمەس، "قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم"نى، "ۋادەرىخا"نى، يەنە خالىغان ناخشىلىرىنى ئىڭشىيالىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، تىلسىز قويلار ئۇنى ئەترەت باشلىقلىرىغا چاقالمايتتى. ئۇ خالىغىنىچە خىيال سۈرەلەيتتى، ئۇنىنى چىقىرىپ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشەلەيتتى، خۇشاللىقىنى، خاپىلىقىنى، سېغىنىشىنى يۇلغۇنلارغا ئېيتالايتتى، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى بىلەن يانتاقلارنى سۇغىرالايتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتىم، ھەسەت قىلاتتىم، لېكىن بۇ بەخت ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى، بەلكى قوي بېقىش ئەمەس، باشقىلار قاتارىدا نۆۋەت بىلەن چوشقا بېقىش شەرىپىگە نائىل بولدۇم. ئۇ چاغلاردا دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت دېگەنلەرنىڭ كۆتىگە تېپىۋېتىلگەن بولسىمۇ، كۆڭۈلدە ئۇلارنىڭ ئورنى بار ئىدى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى بىلەن قىلچە كارى بولمىغان دەھشەتلىك ئىنقىلاب ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەتلىرىڭنى قىلچە كۆزگە ئىلمىغان، دەپسەندە قىلىشتىن يانمىغان، ئۆزۈڭ خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى. چوشقا بېقىش دەل بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ھاقارەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەسلى كۆرۈنۈشى شۇنداقلىقىدىنمۇ ياكى ئېتىقادنىڭ كۈچىدىنمۇ، كۆزىمىزگە تولىمۇ بەتبەشىرە، يىرگىنچلىك كۆرۈنىدىغان چوشقىلار گويا بىزنىڭ خوجايىنىمىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. بىز كۆڭۈل قويۇپ ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشىمىز، يېمەك - ئىچمىكىنى بېرىشىمىز، چوتكىلار بىلەن سىلاپ - سىپاپ يۇيۇشىمىز، تېگىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا قۇرۇقدىشىمىز، ئىشقىلىپ ئۇلارنى بەگزادىلەرنى كۈتكەندەك كۈتۈشىمىز لازىم ئىدى. بۇ ئىشلارنىمۇ سادىقتەك قاملاشتۇرالايدىغان ئادەم ئارىمىزدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ چوشقىلارنى قۇچاقلاپ كېتىشلىرى، تۇمشۇقلىرىنى سۈركەپ كېتىشلىرى كۆڭلىمىزنى ئېلىشتۇرسىمۇ، تەتۈر قارىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. كۈيلەپ تۇرالماي قالغان مېكىجىن ئۆزىنى ئۇرۇپ قوتاننىڭ ئىشىكىنى بۇزغىنىچە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قوتانغا لايىق ئىزدەپ چاپقاندا، كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋاتقان سادىققا قاراپ

ئىچىمىزدە كۈلسەكمۇ، ئاۋازىمىزنى چىقىرىپ كۈلەلمەيتتۇق.

تاۋۇز چاغنى مەزگىلى بولسا كېرەك، ئەترەت باشلىقلىرى ۋە گۇرۇپپا باشلىقلىرى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر چوشقىنى سويدى، بىز ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇنمۇ بەختلىك ئوسمانىنىڭ قويلىرىدىن ئىككىسى سويۇلۇپ، قازان كاۋېپى قىلىندى. باشلىقلار ھەرھالدا بەزى ئىشلارنى ئويلىغانمۇ قانداق، بىزدىن نېرىراقتا ئايرىمچە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سادىق قوشۇلۇۋالدى، ئۇ بىر چوشقا پاچىقىنى شۇنداق ھوزۇرلىنىپ غاجىلاشقا باشلىدىكى، نۇرغۇنلىرىمىز قاچىمىزدىكى قوي گۆشكاۋىپىنى يېيەلمەي، بىر - بىرىمىزدىن كۆزلىرىمىزنى قاچۇرۇشقىنىمىزچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق...

سادىقنىڭ قىتىغۇرلۇقىدا ياتىقىمىز ئەڭ كۆڭۈلسىز جايغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق بىرەيلەننىڭ تازىلىق نۆۋەتچىلىكىدىن قۇسۇر تېپىپ، قايتا تازىلىغىلى قويماي قالمايتتى؛ ئۆزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى ماكچىيىپ تۇرسىمۇ، قىر چىقىرىپ ھەربىيچە يىغىلغان يوتقان - كۆرپىلىرىمىزدىن ئېۋەن تېپىپ ھەربىرىمىزگە تەنبىھ بېرەتتى؛ گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا ھەربىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر -بىرلەپ تەنقىدلەپ چىقاتتى. كىچىككىنە بىر ئىش بولسا، گۇرۇپپا باشلىقىغا، بەزىدە ئۇدۇل ئەترەت باشلىقىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەمىتنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى خەمىت ياتاق نۆۋەتچىسى ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن قايتىپ كىرگىنىمىزدە، ياتاق شۇنداق ياخشى رەتلەنگەن، تېگىگە سۇ چېچىلغان بولۇپ، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ كەلگەن بىز ئۈچۈن ئاجايىپ ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلىيالايتتى. لېكىن ياتاق سادىققا يارىمىدى.

- سۈپۈرگىنى جايىغا قويساڭ بولمامدۇ؟- دېدى ئۇ ئىشىك تۈۋىگە يۆلەكلىك تۇرغان سۈپۈرگىنى زەردە بىلەن بىرنى تېپىپ.

خەمىت ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

ـ جايى قەيەردە؟ ماڭا بىر كۆرسىتىپ قويغىنا! يا سىنىڭ قىزىل پۇرۇكىڭگە قىستۇرۇپ قويامدىم؟!

دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بىرەركىمنىڭ ئۆزىگە يانغانلىقىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان سادىق بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ھودۇقۇپ قالدى بولغاي، بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئېسىنى تېپىپ خەمىتكە قولىنى شىلتىدى:

ـ نېمە دېمەكچىسەن؟ ئىشنى پۈتۈن قىلماي يەنە ھۆركىرەيسىنا!

ـ سەن نېمە دېمەكچى؟ـ خەمىتمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا دېۋەيلىدى،ـ "كۇچۇكۇم ـ كۇچۇكۇم دېسە، بىرنېمىسىنى چىقىرىپتۇ" دېگەندەك، ھە دەپ بەرسەك ئەجەبمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭا سەن!

ـ ما گۇينى، تەپتارتماي ئادەمگە يېنىۋاتقىنىنى! ھېلى باكا بىرنى سالىمەن!

ـ شۇنداق قىل،ـ دېدى خەمىت ئاچچىق تەنە بىلەن،ـ ئاتا ـ ئانام چوڭ بولغىنىڭدا تايىنى يوق بىر "قىزىل پۇرۇك" سىنىڭ يۇزۇڭگە قارىتىپ ئۇسسۇرىدۇ، ھەرگىز سىيسقكەن دەپ سالما، دەپ تەلىم بەرگەن. شۇڭا مەن نېمە قىلساڭ قىلىۋال دەپ قاراپ تۇرارمەن سەن غوجامغا!

سادىق مۇشتىنى تۈگكىنىچە خەمىتكە ئېتىلدى، قانداق بولغانلىقىنى ئۇقمىدىم، كەينىدىنلا ئۇ ئارقىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەسلىدە خەمىت چاققانلىق بىلەن پەشۋا ئېتىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىرنى تەپكەنىكەن. تۇيۇقسىز بېرىلگەن زەربىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان سادىق ئىككى قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ ئولتۇرغىنىچە، خەمىتكە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. مەن خەمىتنىڭ چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن قان قۇيۇلۇپ تۇراتتى، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى، شۇ تاپتا ئۇ جاندىن تويغان بولۇپ، سادىق ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ئالدىغا يۈگۈرسە، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى بوغۇپ قويىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. مەن جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالدىم ۋە: "بولدى قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئۇرۇشماڭلار" دېدىم.

"ئۇششۇق ئۇششۇقتىن قورقىدۇ" دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ، سادىق مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇردى، ئەمما خەمىتكە ئېتىلمىدى، بەلكى: "خەپ، ئالدىرىماي تۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن تېخى!" دېگىنىچە ياتاقتىن چىقىپ، ئەترەت باشلىقىنىڭ ياتىقىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ـ يامان قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭ بولاتتى،ـ دېدىم مەن خەمىتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا.

ـ ھەرقانچە سەۋرچان ئادەممۇ بۇ رەسۋا "قىزىل پۇرۇك"نىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە بىردىن ئارتۇق چىدىماس ھەرقاچان! ـ دېدى خەمىت سادىقنىڭ تېپىشى بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ بىر چەتكە بېرىپ ياتقان سۇپۇرگىنى جايىدا قويۇۋېتىپ،ـ مەن بۇ يەرگە بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ كەلگەن ئەمەس، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا قايتا تەربىيە ئۈچۈن كەلگەن. قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن! شۇنچە چاغدىن قىيىنغىنى، بوزەك ئەتكىنىمۇ يېتەر، ئۇ كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولسا، مەنمۇ شۇنداق! قېنى، قانداق قىلاركىن، كۆرۈپ باقارمىز!

ۋەقە يۈز بەرگەندە، ياتاقتا بىز ئۈچەيلەنلا بار ئىدۇق، سادىق ئەترەت باشلىقىنىڭ يېنىغا كەتكەندىن كېيىن، قالغان ياتاقداشلارمۇ ياتاققا كىرىشتى. خەمىتمۇ، مەنمۇ بولغان ئىش توغرۇلۇق بىر ئېغىز تىنمىدۇق. چۈنكى غۇلغۇلا ئىشنى چوڭايتىۋېتەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، خەمىت ئىشخانىغا چاقىرتىلدى. ھېلىقى "ئايلانمەن قارا كۆز"نىڭ دەردى دىلىمغا ئورناپ كەتكەچكىمۇ ياكى سادىققا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ، ۋەياكى ئاشۇ ئىككى سەۋەبنىڭ قوشۇلۇشى تۈپەيلىدىنمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەدەپ يېگەنلىكىگە قاتتىق خۇش بولغان بولسامۇ، خەمىتتىن ئەنسىرەپ قالدىم. گەرچە ئۇ ئۆزى دېگەندەك كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولسىمۇ، ئەترەت باشلىقلىرى قوللايدىغان ۋە قەدىرلەپ ئىشلىتىۋاتقان سادىقتەك بىر ئادەمنى ئۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر كۈندە قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئىشخانىغا چاقىرتىلدىم. "ئەھۋال ئۇقماقچى،ـ دەپ ئويلىدىم مەن نېمىلەرنى

دېيىشنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ،ـ ئەلۋەتتە ئەينەن ئەھۋالنى دەيمەن، خەمىتتە گۇناھ يوق..."

مېنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىمگە، خەمىت سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئېچىنغاندەك بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ، يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى بىلەن سىياسىي يېتەكچى جىددىي قىياپەتتە ئولتۇراتتى، ياندا ئولتۇرغان سادىقنىڭ چىرايى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ بەكرەك جىددىي ئىدى. ئىشىك تۈۋىگە قويۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقنى كۆرۈپ، بۇنىڭ مەن ئولتۇرىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ـ ھە، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ـ ئەترەت باشلىقى قوپاللىق بىلەن سورىدى.

مەن ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ يېرىمىغا كەلمەيلا، ئۇلار گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى:

ـ ۋەقە يۈز بەرگەندە، سەن نېمە قىلدىڭ؟

ـ مەن... مەن ھېچنېمە قىلمىدىم... ھە، ئۇلارنى يەنە ئۇرۇشۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالدىم.

ـ يالغان گەپ قىلما، تاھىر،ـ بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى سادىق،ـ خەمىت مېنى ئۇرىمەن دەپ ئېتىلىپ كەلگەندە، سەن مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇپ بەردىڭ، بۇنىڭدىن تېنىۋالماقچىمۇ؟

ـ توۋا خۇدايىم! ـ ئىنچىكە ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك تۆھمەتتىن چۆچۈپ، ئىختىيارسىز ياقامنى تۇتتۇم،ـ ھەرقانچە بولۇپ كەتسەڭمۇ راست گەپ قىل، سادىق، ئادەمگە ئۇۋال قىلما!

ـ ھېلى دېگەن گېپىڭنى يەنە بىر دېگىنە!

ـ ئادەمگە ئۇۋال قىلما، دەۋاتىمەن!

ـ ياق، ئۇنىڭ بېشىدا دېگىنىڭنى دەۋاتىمەن!

ـ نېمە دەپتىمەن؟

ـ بۇنىڭدىنمۇ تېنىۋالماقچىمۇ؟

گاڭگىراش ئىچىدە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، ئالدىدا نېمە دېگەنلىكىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇ چاغدا ئاغزىمدىن يەنە بىر قېتىم "تووۋا خۇدايىم" دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى ـ دە، ھېلى شۇ گەپنى قىلغانلىقىم يادىمغا كەلدى. شۇ تاپتا مەن يامان يەردىن تۇتۇلۇپ قالغانىدىم.

ـئۇ دېگەن بىر ئادەت سۆزىغۇ،ـ دېدىم مەن ھودۇققان ھالدا.

ـ شۇنداقمۇ تېخى! ـدىمىغىنى قاقتى سادىق،ـ شۇنچە يىل ئىنقىلاب قىلغان بولساقمۇ، سېنىڭدەك جاھىل ئۇنسۇرلار ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرگىنى يوق، پۇرسەت تاپسىلا دىنىي ئەقىدىلەرنى بازارغا سېلىپ بىزنى زەھەرلىمەكچى بولىدۇ. يەنە پۇرسەت تاپسا بىز كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ تىنچ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. بۇگۈنكى قىلمىشىڭ دەل مۇشۇنى ئىسپاتلىدى. بۇلاردىن ھەرگىز تانالمايسەن،ـ سادىق بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئەترەت باشلىقلىرىغا مېنىڭ بىر جاپادا ھېلىقى "تووۋا خۇدايىم"نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردى ۋە مېنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشى مەيداندا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىمنى ئېيتتى.

ھاللىق ئوتتۇرا دېھقاننىڭ بالىسى بولۇپ قالغان گۇناھىم ئۈچۈن مۇشۇ دەردۇبالاغا قالغاندەك تۇرىمەن. كۆزۈڭگە قاراپ تۇرۇپ، قىلچە قىزارماي قىلىنغان تۆھمەتنىڭ ئەلىمى تولىمۇ يامان بولىدىكەن. بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ، يەنە كېلىپ سادىقتەك بىر چۈپرەندىنىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈش مەن ئۈچۈن نومۇس ئىدى. بىراق كۆزلىرىم مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنمىدى، ئۇلاردىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ـ كۆز يېشىڭ بىلەن بىزنى ئالدىيالمايسەن،ـ دېدى سىياسىي يېتەكچى

زەردە بىلەن،ـ سادىق ئەترىتىمىزنىڭ ئۇلگىسى، ھەربىرىڭلار
ئۆگىنىشكە تېگىشلىك شەخس. ئۇنىڭ ئىپادىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سەمىمىي، راستچىل، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. سېنىڭ
بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭنىڭ خاراكتېرى ئېغىر. شۇڭا
سەن چىقىپ ياخشى ئويلىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈشنامە
ياز. ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ـ ئۆتەلمەسلىك، ئىستىقبالىڭنىڭ قانداق
بولۇشى ئۆزۈڭگە باغلىق. ماڭ، چىق!

ئۆزۈمنى ئاقلاشقا، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت بېرىلمىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئۇۋالچىلىق پەيدا قىلغان جىلىچىلىك تىلىمنى كېكەچ قىلىپ
قويغانىدى. مەن گاڭگىرىغان ھالدا يېنىپ چىقتىم ۋە ياتاققا كىرىپ
لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

ـ ساڭىمۇ ئىش تېپىپ بەرگەندەك قىلىمەن، ئاداش، خاپا بولما!ـ
خەمىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى،ـ بىز بىلگەن، بىز ئويلىغاندىنمۇ
پەس نېمىكەن ئەمەسمۇ بۇ سادىق دېگەن بىرنېمە! دەسلىپىدە ماڭا
ۋارقىراپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: "بىلىپ قوي، مەن جاندىن تويدۇم، بۇ
قېتىمقىسى تېخى باشلىنىشى، ئەمدى بىر قېتىم چىشىمغا تەگسەڭ بىر
قېتىم ئۇرىمەن، قانچە قېتىم چىشىمغا تەگسەڭ، شۇنچە قېتىم...
خالىساڭ، بۇ گەپلىرىمنى ئەترەت باشلىقلىرىغا ئۆرۈپ بەرسەڭمۇ
مەيلى. سەن كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولساڭ، مانا مەنمۇ شۇنداق،
سېنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن!" دېدىم. ساراڭدىن قورقمايدىغان كىم
بار؟ ئۇ بىردىنلا بوشاپ: "ساراڭ بوپسەن" دېدى، ئاندىن: "نېمىلا
دېگەن بىلەن ئىككىمىز سىنىپىي قېرىنداش، خەقنىڭ قۇترىتىشىغا
ئۇچراپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن دۇشمەن بولۇشساق بولمايدۇ" دېدى.
ئەترەت باشلىقلىرىغا بولسا: "ئىككىمىز سىنىپىي قېرىنداش
بولغاچقا، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپلا ئۆزارا چۈشىنىشۋالدۇق،
سىلەرنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى" دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن
يېنىپ چىقتىم. لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى
سەزدىم، دېگەندەك ئۇ دەردىنى سېنىڭدىن ئالماقچى بوپتۇ. بولدى،
قورقما، مەن ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋالنى
چۈشەندۈرەي.

ـ ياق،ـ دېدىم مەن بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە،ـ قارىغاندا، سەن
ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. ئۇلار سادىقنىڭ گېپىگە

ئىشىنىمىز، دەۋاتىدۇ. سەن كىرسەڭ يەنىلا مەن گۇناھكار بولىمەن.

ـ نېمىشقا ئەمدى؟

ـ ھەي ـ ي، ئۇقمايۋاتامسەن؟ مەن سېنى قايمۇقتۇرغان بولۇپ قالىمەن. بولدى، بۇ دەردنى ئۆزۈم تارتاي...

مەسىلە ئېنىق ئىدى: خەمىت ئۆزىنىڭ "ساراڭلىقى" بىلەن سادىقنى قورقۇتقان، سادىق خەمىتتىن ئالالمىغان دەردنى مېنىڭدىن ئالماقچى، شۇ ئارقىلىق ئەلىمىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغانىدى. جاھاندا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن، مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغان گەپ ئىكەن.

تەكشۈرۈشنامىنى قانداق يېزىش كېرەك؟ "تووۋا خۇدايىم" دېگەن سۆز ئۆز ئاغزىمدىن چىققاندىكىن، ئۇنىڭغۇ ئىدىيىگە تاقاپ بىرنېمە دېسەم بولار؟ بىراق "خەمىتنى سادىقنى ئۇرۇشقا قۇتراتتى" دېگەن بەتنامغا نېمە دېيىش كېرەك؟ راست دەي دېسەم، تۆھمەتلىكى ئېنىق، يالغان دەي دېسەم، قۇتۇلالمايدىغانلىقىم ئېنىق.

مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم: تەكشۈرۈشنامىنى يازىمەن، لېكىن "تەكشۈرۈشنامە" دەپ ئات قويۇلغىنى بىلەن، بۇنىڭغا يازىدىغانلىرىم ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى ئەينەن ئەھۋال بولىدۇ. ئائىلە تەركىبىم سادىقنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ قارا قازاننى يۈدۈشۈم كېرەكمۇ؟ ياق، جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ راست گەپ قىلىشىم كېرەك!

"يالغان ھامان يالغان، نىقابنى يىرتىپ تاشلاش كېرەك" دېگەن ئەڭ ئالىي يوليورۇق بىلەن باشلانغان "تەكشۈرۈشنامە"مدە "تووۋا خۇدايىم" دېگەن سۆزنى تۇتقىغا كۆتۈرۈپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئۇزاقتىن ئۇزاق پىپەن قىلدىم، لېكىن ھېلىقى ۋەقەدە مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى رەت قىلدىم.

مەن ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەي، تەكشۈرۈشنامىنى قايتا يېزىشقا بۇيرۇلدۇم. لېكىن كېيىنكى يازغىنىم ئالدىنقىسىدىن پەرقلەنمىدى. بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر قورققۇم كەلمىدى، گويا يۈرىكىم قېتىپ

قالغاندەك قىلاتتى. قايتا - قايتا تەكشۈرۈشنامە يازدۇرۇش، قايتا - قايتا چاقىرتىلىپ تەھدىت سېلىشلار ماڭا كار قىلمىدى. مەن يەنە ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئەترەت باشلىقلىرى زېرىكتىمۇ ياكى مېنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىمدىن ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى پەرەز قىلدىمۇ قانداق، ئاخىر بۇنى سۈرۈشتۈرمەي تاشلاپ قويدى. بىراق سادىق ماڭا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزى، قۇلىقى مەندە ئىدى، ئەتىگەندىن - كەچكىچە مېنىڭدىن بىرەر قۇسۇر تېپىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. توۋا، مۇنداقمۇ توخۇ پوقى ئادەم بولىدىكەن - ھە، بۇ دۇنيادا!

ھەر كۈنى بىر قېتىم دېگۈدەك "ئاشخانا رادىئوسى"دا ئۆزۈمنى تەكشۈرۈش يەتمىگەندەك ( ئەمدى "ئايلانىمەن قارا كۆز"گە "توۋا خۇدايىم" دېگەنمۇ قوشۇلغانىدى )، سادىقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىشتىن قورقۇپ دەككە - دۈككە ئىچىدىلا ياشايدىغان بولدۇم. كۈنلەر تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك، گويا كېيىنكى ئۆمرۈم قايتا تەربىيە ئېلىش بىلەن مۇشۇ جاڭگالدا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك، يۇرتۇم تۇرماق، بۇ جاڭگالدىن ئاتمىش كىلومېتىر نېرىدىكى ناھىيە مەركىزىگىمۇ بارالمايدىغاندەك ھېسسىياتتا ياشايدىغان بولدۇم. بۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىم بىلەن سىرداش ئەمەس، بىرنەچچە جۈپ ئەر - خوتۇننى سىرداش دېگىلى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭمۇ بۇ يەردە سىردىشىشىغا پۇرسەت يوق. شۇنداق ئىكەن، يۈرگەن قىزى يىراقتا قالغان مېنىڭدەك بىر يېگانە بىچارە كىمگىمۇ دەردىنى ئېيتالىسۇن؟!

4

ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمدا، ئوتتۇرا مەكتەپتە مېنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن ئوقۇغان سابىرە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانىدۇق. قايتا تەربىيىگە ماڭغان چاغدا، مەن كۆز يېشى قۇرۇمايۋاتقان سابىرەگە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم خەت يېزىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. ۋەدىمىزگە يارىشا، خەتلەر ۋاقتىدا قوللارغا تېگىپ، بىر - بىرىمىزگە يۈرەك سۆزلىرىمىزنى يەتكۈزۈشكە ئىمكان يارىتىپ كېلىۋاتاتتى. سابىرەنىڭ خەتلىرىنى يېنىمدىن ئايرىمايتتىم. يەكشەنبە كۈنى چۆلنىڭ

ئۈچكىرىسىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ خەتلىرىنى يېنىش - يېنىش ئوقۇيتتۇم. خەتلەردىن سابىرەنىڭ ھىدى كېلەتتى، خەتلەردىن سابىرەنىڭ ئوتلۇق تىنىقى يۈرىكىمگە ئۇرۇلاتتى. بۇ خەتلەر مېنى مۇھەببەتلىك ھايات بىلەن، يۇرتۇم بىلەن باغلاپ تۇراتتى.

سابىرە ئالدىنقى ئاينىڭ بېشىدىكى بىر پارچە خېتىدە، ئۆزىنىڭمۇ قايتا تەربىيىگە چۈشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شىمالدىكى بىر چەت ناھىيىنىڭ بىر يېزىسىغا بارىدىغانلىقىنى يازغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ھەپتىگىچە خەت - خەۋەر كەلمەي مېنى تازا ئەنسىرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز خەت كېلىپ قالدى. ئۇ خېتىدە بارىدىغان مەنزىلىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى، ھەرھالدا بىر توپ ساۋاقداشلىرى بىللە بىللە بولغاچقا بەكمۇ غېرىبسىنىپ كەتمىگەنلىكىنى يازغانىدى.

شۇنچە چاغدىن بېرى، سابىرەنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمدە بۇ يەردىكى بۇرۇقتۇرمىلىق، ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە ئۆتىدىغان زېرىكەرلىك كۆڭۈلسىز تۇرمۇش توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ تىنمىغانىدىم، ئىش ۋەزىپىمىز ئېغىر، تۇرمۇش رىتىمىمىز جىددىي بولسىمۇ، كۈنلىرىمىز ھەرھالدا كۆڭۈللۈك، دەپ يېزىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن قەلبىمدىكى ھەسرەتلىرىم، ئۇۋالچىلىقتىن تارتقان دەردلىرىمنى بىركىمگە سۆزلەپ ئىچ - قارنىمنى بوشاتمىسام، قورسىقىم پاڭگىدە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن سابىرەگە ئىلگىرىكى خەتلىرىمدىنمۇ ئۇزۇن خەت يازدىم. بۇ خەتتە سادىق ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىغان بولسامۇ، بۇ يەردىكى تۇرمۇشنى تەپسىلىي سۆرەتلەپ بەردىم. خەتنى ئەۋەتىش ئۈچۈن يەكشەنبىنى ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. خەتنى ياستۇقۇمنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويدۇم. ھەر كۈنى كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ياستۇقنىڭ تېگىگە قولۇمنى تىقىپ باقىمەن، خەت جايىدا تۇراتتى.

شەنبە كۈنى گۈرۈپپا باشلىقىمىز مېنىڭ ئېتىزغا بارماي ياتاقتا ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىدىم ۋە

ئەنسىرىمىدىم. چۈنكى گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ خالىغان ۋاقىتىدا گۇرۇپپىدىكىلەردىن بىرەيلەننى ئېلىپ قېلىپ سۆھبەتلىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ نەچچە چاغدىن بۇيانقى ئىپادەمگە قارىتا بەزى ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغاندۇ.

– ئۇرۇمچىدە كىمىڭ بار؟– گۇرۇپپا باشلىقى قاپىقىنى تۈرگىنىچە يۇسۇققىدە سوراپ قالدى.

يۈرىكىم نېمىنىدۇر سەزگەندەك "قارتتىدە" قىلىپ قالدى. مەن ياستۇقۇمغا قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ تېگىدە خېتىم بارمىدۇ؟

– ۋەدىلەشكەن قىزىم بار،– دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

– سېنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىلەرگە بېرىۋاتقان قايتا تەربىيىمىزگە پىكرىڭ بارمۇ؟

– ياق، نېمىشقا پىكرىم بولغۇدەك؟– دېدىم مەن ئالدىراپ،– قايتا تەربىيىنى قوبۇل قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز تۇرسا!

– راستما؟– باشلىق كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ تەئەددى بىلەن سورىدى.

– راست بولمايچۇ!

– بىراق، سەن قايتا تەربىيە تېزرەك تۈگىسىكەن دەپ تەقەززا بولۇۋاتقاندەك قىلىسەنغۇ؟

– ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قايتا تەربىيىنى قانچە ئۇزاق قوبۇل قىلسام، مېنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ياخشى!

– شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە، بۇ خەتنى باشقا بىرسى يازغان ئوخشىمامدۇ؟

باشلىق خېتىمنى ئالدىمغا تاشلىدى. غىققىدە بولۇپ ئاۋازىمنىمۇ چىقىرالماي قالدىم. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەممىسىلا ئىرغىتىپ تاشلانغان ئاشۇ يىللاردا شەخسىينىڭ خېتىنىڭ تۇتۇپ قېلىنىشى ياكى بىركىملەر

تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. يامان يېرى، ئىلگىرى سابىرەنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەيدانىنى، ئۆتنۈۋاتقان كۈنلىرىمىزنى ماختاپ يازغان خەتلىرىم باشلىقنىڭ قولىغا چۈشمەي، بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىغان بۇ ماكاندىن تېزرەك كېتىشنى تىلەپ يازغان بۇ خېتىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ئىشنى قىلغۇچى سادىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى، خەتتىكى سۆزلەرنى گۇرۇپپا باشلىقىغا قانداق ئۆرۈپ بەرگەنلىكى، نېمىلەرنى قوشۇپ دېگەنلىكى ماڭا نامەلۇم، لېكىن خەتتىكى: "بۇ كۈنلەر قاچانمۇ ئاخىرلىشار؟" دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىڭ ئۆزىلا مېنى تۇگەشتۈرۈۋېتەلەيتتى.

بىردىنلا ئېغىر مەسىلىسى بار ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. گۇرۇپپا، ئەترەت بويىچە بىرقانچە قېتىم ئۆزۈمنى تەكشۈرگەن بولسامىمۇ، ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىدىم. ھەر قېتىمدا سادىق ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ مېنىڭ "مەسىلە"منى تۇتقىغا شۇنداق كۆتۈرۈۋېتەتتىكى، "بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشى ھەرھالدا يامان ئەمەس بوپتۇ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇشىدا ئىلگىرىلەش بار" دېيىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇمۇ يەتمىگەندەك، مەن سابىرەگە خەت يېزىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىدىغان خەتلەر بىراقلا "كەلمەس" بولۇپ قالدى. ئاشۇ خەتلەر ماڭا تەسەللى بېرەتتى، ئاشۇ خەتلەر مېنى ئاۋۇندۇراتتى، ئاشۇ خەتلەر ئالدىمدا يەنە كۆڭۈللۈك ھاياتنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئەمدىلىكتە مەن بۇ روھىي ئوزۇقتىنمۇ مەھرۇم بولدۇم. ھازىر ئۇمۇ قايتا تەربىيىدە، بىراق مەن خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەيمەن، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايمەن، ۋىسال پەيتىنىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرالمايمەن. بۇ نەقەدەر ئازابلىق ئىش ـ ھە!

سادىق كۆزۈمگە چوشقىدەك كۆرۈنەتتى، لېكىن خەمىت قىلغان "ساراڭلىق"نى مەن قىلالمايتتىم. مېنىڭ ئىچىمنى بوشىتىدىغىنى پەقەت يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن تاغارنى كۆتۈرۈپ چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپ، بۇككىدە ئۆسكەن بىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاش ئىدى...

يەنە بىر قىشقا كىرىپ كەتتۇق. قىشتا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، كۈن - كۈنلەپ داۋام قىلىدىغان ئۆگىنىشلەر باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئۆگىنىش ئادەمنى ئېتىز ئەمگىكىدىنمۇ بەكرەك ھاردۇرۇۋېتىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا قىزغىن قىياپەتتە بولۇشقا، پات - پات ھاياجانلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ تۇرۇشقا بولاتتىكى، ھەرگىز سۇسلۇق قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى بۇ مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئادەم ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز، تولىمۇ بىچارە، گويا بۇ دۇنياغا ئۆزى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقىلا يارالغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. لېكىن سادىق ھېچكىمگە ئوخشىمايتتى، ئۇ گويا يىغىن ئۈچۈنلا تۇرەلگەندەك ئىدى، ئۇ ئوقۇلۇۋاتقان ماقالە ياكى ھۆججەتنىڭ تەلەپپۇزىغا ئەگىشىپ ھاياجانلىنالايتتى، غەزەپلىنەلەيتتى، سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلاشمىسىمۇ جاۋغىيىدا كۆپۈك قايىنتىپ سائەت - سائەتلەپ سۆزلىيەلەيتتى.

فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خىزمەت تەقسىماتى توغرىسىدا مىش - مىش پاراڭلار پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ خەۋەر ھەممەيلەننى ھاياجانلاندۇرغاندەك قىلاتتى، بىراق ھېچكىمنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئالدىراپ ئاشكارىلىغۇسى، ھەتتا باشقا بىركىم بىلەن ئورتاقلاشقۇسى يوق. چۈنكى بۇ خەۋەردىن بەك خۇش بولۇپ كېتىش بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان قايتا تەربىيىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش بولۇپ قېلىشى، سادىقتەكلەرگە دەسمىي بولۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ تۇيۇقسىز يالغان بولۇپ چىقىشىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

بەختكە يارىشا، بىر قېتىملىق يىغىندا ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئېلان قىلىشى بىلەن بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەقسىماتقا قارىتا ئىپادە بىلدۈرۈشلەر باشلىنىپ كەتتى:
"تەقسىماتقا شەرتسىز بويسۇنىمەن... ئەڭ جاپالىق يەرگە بارىمەن!"
مانا بۇ سۆزلەر ھەربىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىقاتتى، ئەترەتنىڭ تىكلىگەن ئۈلگىسى ـ سادىق بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئىپادە بىلدۈرەتتى، ئەلۋەتتە.

ھەربىچە تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تەقسىماتنىڭمۇ ھەربىچە بۇيرۇق بويىچە بولىدىغانلىقى، شەرت قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن چىن دىلىدىن "ئەڭ جاپالىق يەرگە بېرىش"نى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇ يەردىكى ھەربىر كىشى ئەڭ جاپالىق يەرنىڭ تەمىنى تېتىغان، جاپالىق يەردىن تويۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاغزىمىزدا "ئەڭ جاپالىق يەرگە بارىمەن" دېگىنىمىز بىلەن، كۆڭلىمىزچە چوڭ شەھەرلەرگە، ھېچبولمىسا ئۆز يۇرتىمىزغا كېتىشنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

ئاخىر، تەقسىماتنى ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئەترەتنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەپ، ئەترەتنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تەپسىلىي خۇلاسىلەپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۈزلۈكسىز دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىش، جاپالىق ئىشلەش روھىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى خىزمەت ئورنىمىزدا يېڭى تۆھپە يارىتىپ، ئەترىتىمىزگە شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئارقىدىن ئەترەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سادىق سۆزگە چىقىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا، ئەترەت باشلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتتى، ئۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك ئاۋازىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويدى، ئاخىرىدا "تەقسىماتقا شەرتسىز بويسۇنۇش، ئەڭ جاپالىق يەرگە بېرىش" ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى.

ئەترەت باشلىقى تەقسىمات لايىھىسىنى، ئەمەلىيەتتە تەقسىمات بۇيرۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسىملىكنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. تۇنجى قېتىمدا سادىقنىڭ ئىسمى چىقىشى چوقۇم ئىدى. ئۇ ھەرقانچە ئىرادە بىلدۈرگىنى بىلەن، ھەممەيلەن: "چوقۇم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىدىن بىرىگە تەقسىم قىلىنىدۇ" دېگەنگە ئىشىنەتتى. لېكىن ئەترەت باشلىقىنىڭ ئېلان قىلغىنى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى، توغرىراقى چۆچۈتۈۋەتتى.

ـ ساۋاقداش سادىق ئەترىتىمىزنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى، ئۇ بۇ قېتىممۇ بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ!

سادىق ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات، قاتناش ئەڭ قۇلايسىز ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغانىدى!

ھەممەيلەن جىم-جىت كەتتى ۋە سادىققا قاراشتى. قىزىق ئىش، سادىقنىڭ چىرايى ئاۋۋال تاتىرىپ، كەينىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاڭلاپ بىردە سىياسىي يېتەكچىگە، بىردە ئەترەت باشلىقىغا باقتى. كېيىن، ئۇ بىردىنلا "ياشىسۇن"دىن بىرنەچچىنى توۋلىۋەتتى - دە، ئۆزىنى كۆلكىگە زورلىدى. ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدا: "سادىقنىڭ تەقسىماتى بۇنداق بولغان ئەھۋالدا، بىزنىڭ قانچىلىك بولماقچى!" دېگەن بىرلا ئوينىڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئىش بىر ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا چاتاق بولمىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆز يۇرتلىرىغا بۆلۈنگەنىدى، مەن ئۇرۇمچىگە - ئۆز يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنغانلىقىمنى ئاڭلىغىنىمدا قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم. لېكىن بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا "تاھىر" ئىسىملىكتىن يەنە بىرى يوق ئىدى. خەمىت يېنىمدا ئىدى، ئۇ بېقىنىمغا ئاستا تۇرتۇپ:

- مۇبارەك بولسۇن، يۇرتۇڭغا، ئاتا - ئاناڭنىڭ قېشىغا بارىدىغان بوپسەن! - دېۋىدى، خاتا ئاڭلىمىغانلىقىمغا ئىشەندىم. تۇۋا، (بۇ سۆز مېنى بالاغا قويغان بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئېچىمدە بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ئىشلىتىپ سالدىم) تەقدىر دېگەن ئاجايىپ ئىكەن - دە! ھېلىقى سالام خەت ۋەقەسىدىن كېيىن، يۇرتۇمغا قايتىش، ئاتا - ئانام بىلەن جەم بولۇش، سابىرە بىلەن دىدارلىشىش دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆزۈم يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېنى ئىختىيارسىز يىغا تۇتتى، بۇ يىغا بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى، ئىنتايىن مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنىڭ يىغىندىسىدىن پەيدا بولغان يىغا ئىدى. مەن ھېلىقى يۇلغۇننى سېغىندىم، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بارسام، قۇمغا باغرىمنى يېقىپ تازا ئۇن سېلىپ يىغلىۋالسام!...

بۇ بىر شەنبە كۈنى ئىدى. دۈشەنبە كۈنى بىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلاتتۇق. ئاخىرقى يەكشەنبىدە يەنە بىر قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ ئاخىرقى كۈنلەرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن دېگۈدەك بىردىن تاغار كۆتۈرۈپ چۆلگە كىرىپ كەتتى. مەن بۇرۇنقىدەك ئالدىرىمىدىم. چۈنكى ئالدىرىشىمنىڭمۇ، تاغارنى تېزەككە بۇرۇنقىدەك لىققىدە توشقۇزۇش

ئۇچۇن كۈچەپ كېتىشىمىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ كۈنى مەن ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۇچرىشىدىغان قەدىناس يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قانغۇچە يىغلىۋالغۇملا بار ئىدى. شۇنداق، مەن يىغلايمەن، بىراق بۇ يىغا بۇرۇنقىدەك ئۈزۈلچىلىقتىن پەيدا بولغان ئازاب يىغىسى ئەمەس، بەلكى سېغىنىش يىغىسى، خۇشاللىق يىغىسى بولىدۇ. مېنىڭ ھاياتىمغا بىر يىلدىن ئارتۇق ھەمراھ بولغان چۆللۈك بىرىنچى قېتىم ئۈنلۈك ئاۋازدىكى يىغامنى ئاڭلىۋالسۇن، ئاۋازىم مېنىڭ ئۆكسۈشلىرىمنى ئوبدان تونۇيدىغان قۇملارغا، چاتقاللارغا، يانتاق ـ قامغاقلارغا سىڭىپ كەتسۇن؛ يىلان، كەسلەنچۈكلەرنىڭ كامارلىرىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، ئۇلارغا مېنىڭ كېتىدىغانلىقىمنى، ئاخىرقى خوشلىشىش سالىمىمنى يەتكۈزسۇن!

مەن خېلى ئۇزاق مېڭىپ، يۇلغۇنۇمغا يېقىنلاشقىنىمدا، شۇ ياقتىن ئاڭلانغان بوغۇق يىغا ئاۋازى قەدىمىمنى شاپپىدە توختاتتى. مەن چۆچۈپ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە ئاستا بېشىمنى چىقىرىپ قارىدىم: مېنىڭ يەكشەنبىلىك ماكانىم بىركىم تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانىدى. بىر يىلنىڭياقى ئۆزىگە بىر تۇپ يۇلغۇننىمۇ قەدىناس قىلالمىغان كىمدۇ؟ مەن ئايلىنىپ بېرىپ، يەنە بىر قۇم دۆۋىسىدىن بېشىمنى چىقاردىم ـ دە، ھەيران بولغىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. بۇ باشقا بىرسى ئەمەس، سادىق "قىزىل يۈرەك"نىڭ ئۆزى ئىدى! شۇنچە يىلدىن بېرى باشقىلارنىلا يىغلىتىپ، بىرەر قېتىم ئۆزىنىڭ يىغىسىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىپ باقمىغان بۇ تاش يۈرەك بەندە يۇلغۇن تۈۋىدە دۈم ياتقىنىچە ھەدەپ قۇمغا مۇشتلاپ يىغلاۋاتاتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ زارلاۋاتاتتى.

مەن يۈزۈمنى سوغۇق قۇمغا ياققىنىمچە ئۇنىڭ يىغىسىغا، ئۇنىڭ زارلىشىغا قۇلاق سالدىم.

ـ ئەي خۇدا، مېنى نېمانچە شور پېشانە يارىتىپ قويغانسەن ـ ھە؟! مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ غېمىنى يېيىشىمنىڭ نەرى خاتا؟ بالىلىقىم نامراتلىقتا ئۆتتى، پۈتۈن ئۆمرۈمنى يەنە شۇ جاپادا ئۆتكۈزۈشۈم كېرەكمىدى؟ ياق، مەنمۇ ياخشى كۈنلەرنى كۆرۈشۈم كېرەكقۇ؟ شۇنى دەپ مەن نېمىلەرگە چىدىمىدىم؟! بىر يىلدىن بۇيان تارتقان جاپالىرىم ئاشۇ لەنىتى يۇرتقا بېرىش ئۈچۈنمىدى؟ قىلغان جىمى ئاكتىپلىقلىرىم

ياخشى بىر ئورۇنغا تەقسىم قىلىنىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ھەممەيلەننى چىشلەپ تارتىپ رەنجىتكىنىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ؟ ئاھ خۇدا، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم، ئاخىر بېرىپ مېنى ئاشۇلارنىڭ ئالدىدا تاماشىغا قويدۇڭغۇ سەن!...

مەن قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم، يىغلاۋاتقان كىشى سادىق ئەمەسمۇيا، دەپ كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ سىنچىلاپ قاراپ باقتىم. ئۇ راستتىنلا سادىق ئىدى! "توۋا خۇدايىم" دېگەن بىر ئېغىز ئادەت سۆزى ئۈچۈن مېنى قاڭغىر قاقشاتقان بۇ بەندە ئەمدىلىكتە بىۋاستە خۇداغا خىتاب قىلىۋاتاتتى؛ جاپا تارتىشنى شەرەپلىك، دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان بۇ بەندە ئەمدىلىكتە جاپانى يەنە جاپا تارتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى راھەت كۆنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تارتقانلىقىنى ئىقرار قىلىۋاتاتتى؛ ھە دېسە تۇتقىغا كۆتۈرۈشلىرىنى ئۆزىنىڭ بايرىقىنىڭ روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، دەيدىغان بۇ بەندە ئەمدىلىكتە نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى كۆيدۈرۈش يولىنى تاللىۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاشكارىلىماقتا ئىدى.

ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن رەنج ـ مۇشەققەت تارتسا، بۇ ئالىيجانابلىق. لېكىن بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنى رەنج ـ مۇشەققەتكە سالسا، بۇ ئۇچىغا چىققان ئىپلاسلىق. بۇنداق ئىپلاسلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ھامان بىر كۈنى شۇ قىلغانلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ قان يىغلايدىغان ئوخشايدۇ. مانا، سادىق شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟!

مەن يىغلاشتىن يالتايدىم. چۈنكى بۈگۈن مەن يىغلايدىغان، خەمىت يىغلايدىغان ۋە باشقا ئەترەتداشلىرىم يىغلايدىغان كۈن ئەمەس ئىكەن، پەقەت سادىق يىغلايدىغان كۈن ئىكەن. ئۇ يىغلىسۇن، ئۇمۇ يىغلاپ باقسۇن، ئاشۇ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ پاسكىنىچىلىقىقا تولغان قەلبىنى (ئەگەر ئۇنىڭدا قەلب دېگەن نەرسە بار بولسا) يۇيۇپ تازىلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس.

مەن بىر يىللىق سىردىشىم يۇلغۇن بىلەن يىراقتىن خوشلىشىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم.

چۆلدىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدىم. سادىقنىڭ قايتىپ كەلگەندىن

كېيىنكى چىرايىنى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ قىلدىم. تۇرۇپلا كاللامدا غەلىتە بىر ئوي پەيدا بولۇپ قالدى: سادىق چۆلدىن قايتىپ كېلىپ، يىغلىغىنىچە بوينۇمغا ئېسىلسا، "مېنى كەچۈر، تاھىر، مەن ئوغرىلىق قىلغاندا سەن مېنىڭ يۈزۈمنى ئاياپ قالغانىدىڭ، شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان بولساممۇ، بۇ ئىشنى بىرەر قېتىم يۈزۈمگە سالمىدىڭ. لېكىن مەن قارا يۈزلۈك قىلدىم. ھازىر قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، پەقەت ساڭا ‹مېنى كەچۈر!› دېگەن گەپنىلا دېيەلەيمەن" دېسە، مەن قانداق قىلىشىم مۇمكىن؟ ئۇنى كەچۈرەمەنمۇ؟ بەلكىم كەچۈرەمەن. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يۈرىكىمگە پاتقان، يۈرىكىمنى زېدە قىلىشۇەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق بىر ئىنساننىڭ يامانلىق يولىدىن يېنىشى ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەپۇ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىشى كېرەك.

لېكىن، مېنىڭ ئويۇم تولىمۇ بىمەنە ئىكەن. كەچلىك تاماق ۋاقتىغا يېقىن سادىق قايتىپ كەلدى. قاپاقلىرى ئىششىغان ھەم قىزىرىپ قالغانىدى. ئۇ تەقسىماتنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىغانلىقىغا گويا مەن سەۋەبچىدەك ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويدى ـ دە، بىرنېمىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۆز ـئۆزۈمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ قويدۇم.

دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىشنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بولساقمۇ، بىزنى ناھىيە مەركىزىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كېلىپ قاتار تۇرۇپ كەتكەن يۈك ماشىنىلىرىغا چىقىش ئالدىدا، قۇچاقلىشىپ خوشلىشىش، يىغلاپ خوشلىشىشلار باشلىنىپ كەتتى. قىزغىنلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، كۈلكە بىلەن يىغا گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ بىر يىل ئىككى ئايدا تەقدىرداش بولۇپ بىللە ياشىغان يۈزدىن ئارتۇق قىز ـ يىگىت ئەمدىلىكتە يېڭى ھايات يولىنى، يەنە كېلىپ پۈتۈن ھايات مۇساپىسىنى بەلگىلەيدىغان يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ قۇچاقلىشىشلارغا، يىغىلارغا بىر ـ بىرىگە بولغان ياخشى تىلەكلەرمۇ، مەڭگۈ ئەسلەش تۇغرىسىدىكى ۋەدىلەرمۇ مۇجەسسەملەنگەنىدى.

ئارىدا پەقەت بىرەيلەنلا بۇ تەنتەنىلىك مەنزىرىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ ماشىنىغا بېسىلغان يۈك ـ تاقىنىڭ ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرغىنىچە، پەستە بولۇۋاتقان خوشلىشىش مەنزىرىسىگە قاپېقىنى

تۇرگىنىچە سوغۇققىنا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى ئەسلى قىياپىتىمۇ ياكى شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغىنىمۇ، بىلەلمىدىم. بۇرۇن بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بولۇشى شۇ، دەپ ئويلىغان بولاتتىم، بىراق ھېلىقى يۇلغۇن ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، بۇ ئۇنىڭ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن پەردازلاپ كەلگەن ھەقىقىي تەرىپى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى

6

ۋەقە ۋە قىسمەتلەرگە باي ئاشۇ يىللارنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرى نەچچە كېچە - كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. لېكىن ئاللانىڭ ماڭا شەپقەت قىلغىنى ئوخشايدۇ، ئاپاق كېپەنگە ئېلىنغان، پەقەت يۈزۈملا ئېچىپ قويۇلغان، قۇياشلىق دۇنيادىن ئايرىلىشقا ئاز قالغان چېغىمدا، بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا بولارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى بەردى. چۈشەندىم، ئۇ مېنى ئاشۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئارقىلىق ئازابلىماقچى ئەمەس، بەلكى پانىي دۇنيادا بېشىمدىن كەچۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئارقىلىق، مېنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان مېھرىمنى ئۈزمەكچى، خۇشاللىق بىلەن مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئاتلاندۇرماقچى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، بىردىنلا مېنىڭ تېزرەك كېتىپ قالغۇم، قارا تۇپراقنىڭ تېگىدە خاتىرجەم ياتقۇم كەلدى.

لېكىن، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كېتىدىغان چاغدا، "ئىككىنچىلەپ يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغاي" دەپ تىلىگەن تىلىكىمنىڭ ئىجابەت بولمىغانلىقى، ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندە يەنە سادىق بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە، يۈز كۆرۈشۈشلا ئەمەس، يەنە تېخى ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغىنىم يادىمغا كەلدى. قاپاقلىرىم چىڭ يېپىقلىق ھالدا سادىققا نەپرەت بىلەن بىر تىكىلدىم - دە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋىدالاشقۇچىغا قارىدىم.

ئات يۈزلۈك، قاتاڭغۇر بۇ ئادەمنى ئىدارىدىكىلەر تۇداخۇن "يۇمشاق" دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئادەمنىڭ قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سىرلىق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئىككى كۆزى بەزى - بەزىدە نۆۋەت بىلەن چىمىلداپ كېتەتتى. پاكىز

قىرىقىدىن پاكىزىلىنىۋېتىلگەن، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرى
ئۇنى كوسا كۆرسىتىپ قوياتتى، بىراق بۇ ساقال - بۇرۇتلار
قويۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ چىرايىنى ئالا ئۆسكەن بۇغدايلىقتەك
سەتلەشتۈرۈۋېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەر كۈنى ساقال - بۇرۇتىنى
پاكىز قىرىپ، ئېڭىكىنى پارقىرىتىپ يۈرەتتى. ئاقپىشماق چىرايى،
پاكىز ئېڭىكى، ناھال قېقىلغان ئاياغنى كىيىپمۇ تىۋىش چىقارماي
مېڭىشلىرى ئۇنى ئىدارىنىڭ كادىرىدىن كۆرە بۇلاق مەسچىتىنىڭ ھېلىقى
كوسا ئىمامىغا ئوخشىتىپ قوياتتى.

ئىدارىگە يېڭى تەقسىم قىلىنىپ كەلگىنىمدە، مېنىڭدىن توپتوغرا بەش
ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بۇ كىشى ھازىر مېنىڭدىن بىر ياش
كىچىك بولۇپ قالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا مەن: "ھە ئۇكام..." دەپ
چاقچاق قىلىپ قويسام، پىخىلداپ كۈلۈپ: "ۋاي ئاكا، سىزنىڭغۇ
قولىڭىزدا قەلىمىڭىز، پېنسىيىگە چىقسىڭىز ئىچ پۇشۇقىڭىزنى
ئالغۇدەك مەشغۇلاتىڭىز بار، بىراق مەن نېمە قىلىمەن؟ شۇڭا تەشكىلات
بۆلۈمدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسە، ئاخىرغىچە ئىنقىلاب
قىلغىنىم تۈزۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭدەك ئادەم ھازىرقى
باشلىقلارغىمۇ ئوخشاشلا كېرەك" دەيتتى. ئۇنى دېسىغۇ، ھازىر يېشى
چوڭراق باشلىقلارنىڭ ئىچىدە ئىككى يېشىدا باشلانغۇچنى، ئون ئىككى
يېشىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، ئون تۆت يېشىدا پارتىيە
ئەزاسى بولغانلارمۇ يوق ئەمەس، شۇلارغا سېلىشتۇرغاندا تۇداخۇن
"يۈمشاق"نىڭ مېنىڭدىن كىچىكلەپ كېتىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس
ئىدى.

بىزدە ئوتتۇز يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈش، قىرىق يىلنى بىر كۈندەك
ئۆتكۈزۈش، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ئىشلەش
تەشەببۇس قىلىنىپ كەلگەچكىمىكىن، قايتا تەربىيىدىن قايتىپ كېلىپ،
تۇنجى خىزمەتكە چۈشكەن ئىدارەممۇ، ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى
بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن ئىدارەممۇ مۇشۇ. ئىدارىنىڭ يېزىق ئىشلىرى،
تەرجىمە ئىشلىرىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاچقىمىكىن، ھە دېسىلا
"تاھىرجان، قەلىمىڭىزنى بىر ئىشقا سېلىپ ماۋۇنى گاچچىدە
تەييارلىۋېتىڭە... تاھىرجان، لۇغەت ئاختۇرۇپ يۈرگۈچىلىكى يوقتەك
تۇرىدۇ بۇنىڭ، ئەتە ئەتىگەنگىچىلا..." دېگەن بۇيرۇتمىلارنى ۋاقتىدا
ئورۇنداپ كۆنۈپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇرمۇش ھېلىقى

دېھقانچىلىق مەيدانىدا سادىقنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەردىن مىڭ ھەسسە تىنچ ئىدى. قايتىپ كېلىپلا كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە يازغان خەتلىرىگە جاۋاب ئالالماي، مېنىڭ يا ئۆلۈكۈم، يا تىرىكىمدىن خەۋەر تاپالماي قان يىغلاپ يۈرگەن سابىرە بىلەن خەت ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ قايتا تەربىيىدىن قايتىپ كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەي تويىمۇ قىلىۋالغانىدىم. خۇدانىڭ بەرگەن شۇ كۈنلىرىگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتسەممۇ بولاتتى، بىراق ۋاقىت ئۈزارغانسېرى ئىدارە ئۆز ئائىلەڭدەك بولۇپ قالىدىكەن - دە، بۇ ئائىلىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا زەن سالغۇڭ، بەزى ئىشلار ئۈستىدە ئۈنداق - مۇنداق دەپ قويغۇڭ كېلىدىكەن. بۇنداق ئىشلار ساپلا ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى ھېچقانداق بىر ھۆججەتنىڭ روھىغا چۈشمەيدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ھۆججەت، مىزان، قائىدىلەرنىڭ ئاستىدىلا ياشايدىغان ھەرقانداق بىر ئىدارە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بىنورمال ئىكەنلىكى ئېنىق. ئېنىق بولغاندىكىن، روھقا توغرا كەلمىگەن ئىشلار ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا ھەقلىقمەن دەپ قارايتتىم. شۇ تۈپەيلى، بەزىدە يىغىنلاردا قايناپ سۆزلەپ قويىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدىم. باشلىقلارمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي: "ياخشى، ياخشى، مۇشۇنداق دادىل بولۇش، ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك... ئاممىنىڭ پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز" دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. شۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلىۋاتقىنىمغا تېخىمۇ ئىشىنىپ قالدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۇداخۇن قۇلىقىمغا: "ئىشخانىغا كىرىڭچۇ، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق گەپتىن بىرى بار ئىدى، شۇنى قىلىۋالاي" دەپ يۇمشاق پىچىرلىدى. ئىدارىنىڭ ئىشخانىلىرى كەڭتاشا بولغانلىقتىنمۇ، تۇداخۇننىڭ پەمى بارلىقىدىنمۇ ياكى ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ نامەلۇم بىر سەۋەب تۈپەيلى، ئۇ ئەمەلدار بولمىسىمۇ، خېلى يىللاردىن بېرى ئايرىم ئىشخانىلىق كادىر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا قويۇۋالغان سەككىز - ئون يىللار ئىلگىرى كونا باشلىقنىڭ ئورنىغا كەلگەن يېڭى باشلىق يېڭى سافا ئالدۇرغاندىن كېيىن ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋەتكەن بىر جۈپ كونا سافا ۋە سافا شىرەسىنى (بۇلار ئېلىنغىنىغا بىر يىل بولمايلا، ئەسلى ئىگىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانىدى) بەك قەدىرلەيتتى. قاچانلا كىرسىڭىز، ئۇنىڭ

سافادا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتقانلىقىنى، يەنە تېخى بەزى ماقالىلەردىكى قۇرلارنىڭ تېگىگە قىزىل قەلەم بىلەن سىزىپ، ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويغانلىقىنى كۆرەتتىڭىز. ئۆزى ئادەتتە موخۇركا چەكسىمۇ، ئالىي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك تاماكىلارنىڭ بىرنەچچە خىلى ئۇنىڭ تارتمىسىدىن ئۈزۈلمەيتتى. تاماكا مەسىلىسىدە ھېچكىم ئۇنى باشلىقلارغا خۇشامەت قىلدى، دېيەلمەيتتى. چۈنكى ئىدارىدىكى ھەرقانداق كىشىگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ ئادەم تاماكا چېكىدىغان ھەرقانداق كىشىگە ـ باشلىقىمۇ، پۇقراغىمۇ ئوخشاشلا تاماكا تۇتاتتى، پەقەت تۇتۇلغان تاماكا ماركا جەھەتتىلا پەرقلىنىپ قالاتتى، خالاس.

ـ قېنى، تاھىرجان، ئولتۇرۇڭ،ـ ئۇ مېنى سافاغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئىشىكنى يېپىپ قويدى ـ دە، ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ پىچىرلىدى،ـ بۇ ئىدارىدە كونىلاردىن سەككىز ـ ئونىمىزلا قالدۇق، شۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا سىزگە كۆڭلۈم يېقىن. بويىنىڭىز قاتتىق بولسىمۇ، سىزگە ھۆرمىتىم بار، بەزىدە ھەتتا سىزگە ھەۋەس قىلىپمۇ قالىمەن ... لېكىن تىرىكچىلىكتە كىشىنىڭ چىرايىغا، ئاغزىغا باقماي بىر ئىشنى پۈتتۈرۈش قىيىن ... بولدى، بولدى، قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ، سىزغۇ مېنىڭ گېپىمنى بىرەر قېتىم ئاڭلاپ باققان ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن بولسىمۇ بىرمۇنچە ئىشلاردا زىيان تارتىپ كەلدىڭىز. ھازىرغۇ مېنىڭ ئىدارىگە چۈشىدىغان بىرەر ھاجىتىم يوق، ئەمما سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالدىڭىزدا يەنە بەزى ئىشلىرىڭىز چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئازراق يول ياساپ قويامدىكىن دەپ، ياخشى كۆڭلۈم بىلەن چاقىرىشىم.

نەچچە كۈندىن بۇيان قولۇمدىكى ئىشلار تولىمۇ بېسىق بولۇپ تازا چارچىغان، بۇگۈن ئۇلاردىن قول ئۈزگەنىدىم. شۇڭا كىملەر بىلەندۇر پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارغۇم كېلىپ قالغانىدى. تۇداخۇننىڭ ياخشى كۆڭلىگە مەيلىم بولمىسىمۇ، پارىڭىغا قىزىقىپ قالدىم.

ـ سىزغۇ دائىملا مېنىڭ غېمىمنى يەيسىز، ئۇكام،ـ دېدىم كۈلۈپ.

ـ ھەي ـ ھەي، ماۋۇ گېپىڭىز بولمىدى، بىز بىلىشمەيدىغان ئادەملەر ئەمەسقۇ! "ئۇكام" دېگەن گەپنى گويا مەن پېنسىيىگە چىقسام، مائاشىمنى ئۆزلىرىگە بېرىدىغاندەك "قاچان پېنسىيىگە چىقىدىكىنە

بۇ ئادەم، ئىشلىگىنىگە ئوتتۇز نەچچە يىل بوپتۇ" دەيدىغان ھېلىقى ياش باللارنىڭ ئالدىدا دەپ بەرسىڭىز خۇش بولۇپ قالىمەن. ئەمما ئىككىمىزلا بار يەردە بۇ گەپ چىقسا، مېنى زاڭلىق قىلغانلىق بولىدۇ ـ دە. ئېسىڭىزدە بارمۇ، سىز ئىدارىگە يېڭى كەلگەندە، مېنى "تۇداخۇن ئاكا" دېۋىدىڭىز، مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: "بىر ئىدارىدىكى خىزمەتداش بولۇپ قالدۇق، تۇداخۇن دەۋەرمەمسىز" دېگەنىدىم. كۆردىڭىزمۇ مېنىڭ يىراقنى كۆرەلىگىنىمنى! بىلىمەن، سىز مېنى قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان ئادەم دەپ قارايسىز. بىراق مەن ئۆز ئىشىغا پۇختا بولغانلىق ئەڭ چوڭ ئىش قىلغانلىق دەپ قارايمەن.

ـ ئەجەب خاپا بولۇپ كەتتىڭىز، تۇداخۇن،ـ دېدىم مەن خىر ـ خىر كۈلۈپ.

ـ مانا ـ مانا، ماۋۇ گېپىڭىز تازا قامالاشمىدى،ـ دېدى تۇداخۇن ئىستاكانغا چاي دەملەۋېتىپ،ـ شۇنچە يىل بىر ئىدارىدە ئىشلەپتۇق، مېنىڭ خاپا بولغىنىمنى قاچان كۆردىڭىز؟ يا ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى نېمىدۇر بىر ئىشلارغا ئىپادە بىلدۈرىدىغان يىغىن بولمىسا... تۇداخۇن خاپا بولمايدۇ، تاھىرجان، چىرايىدا خاپا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ خاپىغان ئادەم بولىدىغان بولسا، مۇشۇ كۇنگىچە مۇشۇنداق ياشىيالارمىدى، ئىشلىرى مۇشۇنداق راۋان يۇرۇشۇپ تۇرارمىدى؟

ـ سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئادەم. سىزنىڭ قانداقلا ئىشىڭىز بولسۇن، ھامان ئوڭىغا تارتىپلا تۇرىدۇ.

ـ ئەمدى قايىل بوپسىز ـ دە،ـ تۇداخۇننىڭ سىدام يۇزى كۈلكىدىن پۇرۇم ـ پۇرۇم بولۇپ كەتتى،ـ لېكىن بىر گەپنى توغرا قىلمىغاندەك قىلىسىز.

ـ قايسى گەپنى؟

ـ "تەلەيلىك ئادەم" دېگەنىنچۇ؟

ـ بۇنىڭ نېمىسى خاتا؟

ـ ئاقىلماقىقا توغرىدەك بىلىنىدۇ، تاھىرجان، ئاقىلماقىقا توغرىدەك

بىلىنىدۇ،ـ تۇداخۇن بېشىنى چايقىدى،ـ لېكىن تازا ئىنچىكىلەپ ئويلاپ باقسىڭىز، بۇ سۆز ئۆزىڭىزنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلىپ قالىسىز. ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىشى ئۈچۈن ئۆزىڭىز پەم ئىشلەتمىسىڭىز بىكار. بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، مانا بۇ قېتىم سىناپ بېقىڭ.

ـ قانداق سىناپ باقىمەن؟ـ دەپ سورىدىم مەن قىزىقسىنىپ.

ـ ئۆيىڭىزدە بىر ئاينىڭياقى يېتىپ - قوپۇۋاتقان ھېلىقى دېھقان سىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭىزدىكى دوستىڭىز ئىكەنغۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوغلىنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىشى ئۈچۈن يول ئىزدەپ يۈرتتىن كەلگەن، ھازىر سىزنى خىجىل قىلىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ مانا، مەيلى قايسى ئىدارىنىڭ بولسۇن، باشلىقلىرىنى ئىزدەيدىغان ئىشىڭىز بار دېگەن گەپ. قەدەمنى يىراقتىن باشلىماي، ئىدارىدىن باشلىمامسىز؟

ـ قانداق باشلايمەن؟

ـ بىلمىگىنى دېسە، ئادەمنىڭ ئەيمەنگۈسى كېلىدۇ، بىراق جەمىيەت بىلمىگىز يوق، تۇرمۇش بىلمىگىز يوق. زامانىۋى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىنىڭىز بىلەن، ھازىرقى كىشىلىك مۇناسىۋەت بىلىملىرىدىن ساۋاتسىز سىز! سىزنى قاتتىق ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ تۇرمۇشقا يەنىلا خام يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزغا ئىچىم پۇشىدۇ. مۇشۇ كۈندە ئىدارە - ئىدارىلەردە باشلىقلار يەڭگۈشلىنىپ، سىز - بىز تونۇيدىغانلاردىن ھېچقانچە ئادەم قالمىدى، ئەمدى كىمنى ئىزدەيسىز. يەنىلا بىزنىڭ مۇشۇ باشلىقىمىز ئەسقاتىدۇ.

ـ ئاشۇ باشلىقما؟ـ دېدىم مەن سوغۇققىنا دىمىغىمنى قېقىپ.

ـ مانا ـ مانا، يەنە شۇ خۇيىڭىز باشلاندى،ـ دېدى تۇداخۇن تامىقىنى چېكىلدىتىپ،ـ مۇشۇ خۇيىڭىز بىلەن شۇنچە يىلدىن بېرى نېمە پايدىغا ئېرىشتىڭىز زادى؟

ـ ئەمىسە، قانداق قىلسام بولىدۇ؟

ـ ھەببەللى، مېنىڭدىن مۇشۇ ئەقىلنى سورىسىڭىز بولىدۇ، تۇتۇق ماۋۇ تاماكىنى، بىردىن چېكىشىۋالايلى،ـ تۇداخۇن تارتمىدىن ئالىي دەرىجىلىك تاماكىدىن بىر قاپنى ئالدى.

ـ خاتالاشتىڭىزغۇ دەيمەن،ـ دەپ كۈلدۈم مەن،ـ ماڭا تۇتىدىغىنىڭىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماكىلاردىن ئىدى.

تۇداخۇن بۇنداق گەپلەرگە قىزىرىپمۇ قويمايتتى.

ـ دېگىنىڭىز توغرا،ـ دېدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ،ـ لېكىن بۈگۈن سىزگە ئالىي دەرىجىلىك تاماكا تۇتۇشنىڭ يوللىرىنىمۇ كۆرستىپ قوياي دېدىم ـ دە...

ـ بۈگۈن ئۆگىنىدىغىنىم جىق ئىكەن ـ دە.

ـ ئەگەر سىز خالىسىڭىزلا! بىلىمەن، تاھىرجان، بىلىمەن، سىز مېنى ھېچكىمگە راست گەپ قىلمايدىغان ئادەم دەپ قارايسىز. توغرا، ئۆمرۈمدە نۇرغۇن يالغان گەپ قىلدىم، ئۆز ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈش، باللىرىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش، ھال ـ كۈنۈمنى ياخشىلاش، ئىدارىدە مەنپەئەتدار بولىدىغانلىكى ئىشلاردىن مەنپەئەتدار بولۇش ئۈچۈن، راست گەپ ئاقمايدىغان يەرلەردە يالغان گەپ قىلدىم. بۇلار ئۈچۈن پۇشايمىنىم يوق. چۈنكى مەن بۇلارغا چېقىمچىلىق قىلىش بىلەن ئېرىشكىنىم يوق. ئۆزۈمنى دەپ باشقىلار ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىۋالغان يەرلىرىم بارلىقىنى بىلىمەن. لېكىن جاھان شۇنداق، تالىشىدىغان نەرسىنى تالىشىش كېرەك، كىمنىڭ جېنى، كىمنىڭ پەمى بولسا شۇ ئالىدىغان گەپ... ئەسلى گەپكە كېلەيلى: بۈگۈن مېنىڭ سىزگە راست گەپ قىلغۇم بار. بۇنى دېسەم خۇشامەت

قىلىۋاتىدۇ دەپ قالماڭ. سىزگە نېمىشقا خۇشامەت قىلاي، يا سىز ئەمەلدار بولمىسىڭىز. بىلىمىلىككە خۇشامەت قىلىدىغان چاغلار تېخى كەلمىدى بىزدە! يېشىمىزمۇ چوڭىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىداريدە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا ئوتتۇز يىلغا يېقىن بولۇپ قاپتۇ. پېنسىيىگە چىقمايمىز دېسەكمۇ، ۋاقتى كەلگەندە "ۋاقتىڭىز توشتى، خوش ئەمىسە" دەۋېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ هال ـ مۇڭ بولۇپ ئۆتنۈشىدىغان ئادەم لازىم. بىزدەك ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلار، يەنە كېلىپ بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلىشمىغان قەدىناسلارلا شۇنداق قىلالايدۇ، قانداق دېدىم؟ شۇڭا بۇگۈن سىزگە يېقىنچىلىق قىلىپ راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

تىلىمنىڭ ئۇچىغا بىرنەچچە ئېغىز مەسخىرىلىك سۆز كەلدى، ئەمما شۇ هامان يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ شۇ تاپتىكى سەممىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى.

ـ زادى مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

ـ باشلىقىمىزنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ـ مەن نەدىن بىلەي، ئىشقىلىپ سىز مەندىن كىچىك، ئۇ سىزدىن چوڭ بولغاندىكىن، يا مەن بىلەن تەڭدېمەت چىقىپ قالار.

ـ چېقىشماڭ دەيمەن، تاهىرجان، چېقىشماڭ،ـ دېدى تۇداخۇن جىددىي تەرزدە،ـ سىزدىن بەش ياش چوڭلۇقۇم يادىمدىن چىقىپ قالغىنى يوق، باشلىقنىڭ مېنىڭدىن ئۈچ ياش چوڭلۇقىمۇ ماڭا ئېنىق. شۇ هېسابتا ئۇمۇ تەييار بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەللىك ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى ئوبدانراق تەبرىكلەپ قويايلىمىكىن دەيمىنا.

قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم.

ـ نېمە دەيدىغانسىز، تۇداخۇن، هەرقانچە سىيلىسىڭىزمۇ، چاندۇرماي سىيلاڭ دەيمەن. بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇنلا ئاشۇ يېشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بولغانغۇ ئۇ يىگىت؟!

ـ ئىشىڭىزنى پۈتتۈرىمەن دېسىڭىز، بۇرۇن شۇنداق بىر ئىش

بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ، بىرەرى شۇنداق دەپ قالسىمۇ، نەدە ئۇنداق ئىش بولغان، دەپ تۇرۇۋېلىڭ. بۇنداق دېگەنگە سىز نېمە بولۇپ قالاتتىڭىز؟

ـ ھەرقانچە بولسىمۇ ئەمدى...

ـ مۇشۇ يەرلىرىڭىز بولمايدۇ دەيمەن، تاھىرجان، سىزدىن نېمە كېتىدۇ؟ ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ قالىدىغان، ئۆزلىرىڭىزنىڭ ئىشىغا دەخلى يەتمەيدىغان بولسا، خەقنىڭ دېگىنىگە ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشنىڭ، ھەتتا راست دەپ قويۇشنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق دەيمەن! مانا بۇ ھازىر تازا ئاقىدىغان ھۈنەر.

ـ مۇنداق دەڭ،ـ دېدىم مەن تەئەددى بىلەن بېشىمنى چايقاپ،ـ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، تۇداخۇن، شۇ چاغقىچە قىلىپ باقمىغان ئىشنى مۇشۇ ياشقا كەلگەندە قىلسام، كۆڭلۈمدە ئۆمۈرلۈك داغ قېلىپ قالارمىكىن. بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسەممۇ، ئاغىنەمنىڭ بالىسىنىڭ ئىشى بىر گەپ بولۇپ قالار.

تۇداخۇننىڭ چىرايىدا رەنجىش ئالامىتى پەيدا بولۇپ، شۇ ھامان ئۆچتى. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك يۇمشاق كۈلۈپ:

ـ بوپتۇ ـ بوپتۇ، تاھىرجان، ياخشى كۆڭلۈمنى ئىپادىلەپ قويدۇم، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ. ئاي ـ كۈن ئۆزۈن، ھامان بىلىپ قالىسىز. بۇنداق دېسەم، شۇملۇق تىلەۋاتىدۇ دەپ قالماڭ. ئەمما مېنى توغرا دەپتىكەن، دەيدىغان كۈنلىرىڭىز ھامان كېلىدۇ.

تۇداخۇن مانا شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە زەرەر يەتمەيدىغانلا بولسا، ئۇ كۆڭلى يېقىن كىشىلىرىگە مۇشۇنداق كۆيۈنۈپمۇ قويىدۇ. مەن ئۇنىڭ بەزى مىجەزلىرىنى ياقتۇرمىساممۇ چىقىشىپ ئۆتەتتىم.

تۇداخۇن كەچۈرمىشلەرگە باي ئادەم ئىدى.

خىزمەتكە ئورۇنلاشقان دەسلەپكى يىللاردا ھېلىقى ئىنقىلابنىڭ قۇيرۇقى

ئۇزۇلمىگەن، ئالىجۇقىلىق يەنىلا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، توي قىلىش، بالىلىق بولۇش قاتارلىق تۇرمۇش تەرتىپلىرى بىلەن بولۇپ، شۇنداقلا ئارتۇقچە ئىشلارغا چېپىلماي تىنچ تۇرمۇش كەچۈردۇم. كېيىنكى چاغلاردىكى تېز ھەم جىددىي ئۆزگىرىشلەر كىشىگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، نېمىلەرنىڭدۇر ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، نېمىلەرنىڭدۇر تاشلىنىپ، نېمىلەرنىڭدۇر بارلىققا كېلىۋاتقانلىقى ھەرقانداق سەگەك ئادەمنى، بولۇپمۇ جاھاندارچىلىقنى قەلەم بىلەن سىياھقا باغلىۋالغان ئادەملەرنى يېڭى -يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، تۇرمۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى. بىراق ئادەملەرنىڭ تاللاش يولى خىلمۇخىل بولىدىكەن. مەن كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەندە، تۇداخۇن باشقىچە يول تۇتتاندى. ئىشخانىدا بولسىمۇ - بولمىسىمۇ، ھەپتە - ھەپتىلەپ "تۇداخۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟" دەپ بىرەركىم سۈرۈشتۈرۈپ قويمايدىغان بۇ ئادەم كۈندە دېگۈدەك يۇمشاق دەسسەپ غىپپىدە تىكىۋېتەتتى. ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى ۋە ئادىتى بويىچە ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ، سىرلىق قىياپەتتە ھىجايدى.

- تاھىرجان بالا، قەلىمىڭىز بىلەن ئىدارىدىمۇ يۈز تاپتىڭىز، ئىدارىنىڭ ھەرقانداق ماتېرىيالى سىزنىڭ قولىڭىزسىز پۈتمەيدۇ. سالام - سەھەتكە كەلگەندە بېخىل بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشلىقلارنىڭ سىز بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا سىزنىڭ بولغىنىڭىز ئۇلارنىڭمۇ بەختى. سىزگىغۇ مەن تولا دېدىم، باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە سالام بېرىپ قويغاننىڭ، سەپەرگە چىقىپ كەتسە بارغان يېرىگە بىرەرتى - يېرىم قېتىم تېلېفون بېرىپ سالامەتلىكىنى سوراپ قويغاننىڭ، يەنە تېخى "تۆۋەندە ھاراقتا زورلايدىغان ئىش تولا، دەپ ئاڭلىدىم، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا" دەپ قويغاننىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوق. چۈنكى باشلىق دېگەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئەھۋال سورىشىنى بەك ياقتۇرىدۇ. لېكىن سىز ئاجايىپ ئىنسان - دە، تاھىرجان، ئاجايىپ ئىنسان... ئادەم دېگەن ئاغزىنىڭ يېلى بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈۋېتەلەيدىغانلىقىنى زادىلا ئۇقمايسىز.

- نېمە بولدىڭىز، تۇداخۇن، تۇرۇپلا يەنە ماڭا تەلىم بەرگىڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ؟- دېدىم مەن بىراز جىلە بولۇپ. چۈنكى شۇ تاپتا

مېنىڭ بۇنداق گەپلەر بىلەن ۋاقتىمنى ئۆتكۈزگۈم يوق ئىدى.

ــ جىلە بولماڭ، تاھىرجان، جىلە بولماڭ،ــ دېدى تۇداخۇن بىر خىلدا يۇمشاق سۆزلەپ،ــ كۆڭلۈم يېقىن ـ دە، سىزگە! شۇڭلاشقىمۇ بەزىدە سىزنى ئۆز ئۇكامدەك كۆرۈپ بەزى گەپلەرنى قىلىپ سالىمەن. بۇگۈنمۇ شۇ خىيال بىلەن... سىلەر زىيالىيلارمىچۇ، راست گەپنى قىلسام، بىراز خىيالىي كېلىسىلەر. ۋەزىيەتتە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، كىشىلەر نېمىگە ئىنتىلىۋاتىدۇ دېگەنلەرگە كىتابىي چۈشەنچىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىسىلەر. مانا سىزمۇ شۇنداق، مۇشۇ كۈندە يېزىۋاتىسىز، يېزىۋاتىسىز، لېكىن مېڭىڭىزنىڭ قېتىقىنىڭ باھاسى تولىمۇ ئەرزان، بىر ئاخشام كۈچىگىنىڭىز بىر ـ ئىككى كىلو گۆشكە يارىمايدۇ. قورسىقىدا ھېچقانداق ئۇمىچى يوق ئادەملەرنىڭ مۇشۇ كۈندە يانچۇقلىرى يېتىشمەي قېلىۋاتىدۇ، ئەگەر سىزمۇ مۇشۇ سورۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ باقسىڭىز، بوش كەلمىگەن بولاتتىڭىز. بۇنى ھازىرقى مودا گەپتە "دېڭىزغا چۈشۈش" دەيدىكەن، بىزدە دېڭىز بولمىغاندىكىن، دەرياغا بولسىمۇ چۈشۈپ باققۇلۇق ئىدى. قاچان قەلىمىڭىزنىڭ باھاسى ئۆسۈپ قالسا، يەنە قولغا ئالسىڭىزمۇ ئۈلگۈرگەن بولاتتىڭىز.

تۇداخۇن تۇرۇپلا مۇشۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىپ سالاتتى. ئۇ چىرايىمغا كۈلكە يۇگۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى:

ــ قانداق، خۇشىيېقىۋاتامدۇ؟ مانا مەن تۇداخۇن زادى خۇشياقىدىغانلا گەپلەرنى قىلىپ كەلگەچكە، باشلىق بىلەنمۇ، پۇقرا بىلەنمۇ ياخشى. قاراڭ، سىز بۇ ئىدارىگە كەلگىلىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى، نەچچە باشلىق ئالمىشىپ بولدى، ئۇلاردىن ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغان بىرەرى بارمۇ؟ يوق! ماڭا ئۆچ بىرەر خىزمەتدىشىمىز بارمۇ؟ يوق! چۈنكى مەن باشلىققىمۇ خۇشياققۇدەك گەپ قىلالايمەن، پۇقرا بىلەنمۇ نېرى ـ بېرى دېيىشىپ قالمايمەن. ئەمەل تۇتسام بولاتتى دېگەن كويدا بولۇپ بىركىملەر بىلەن پۇت تېپىشىپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن. بىلەمسىز، ئەمەلدارلىقنىڭمۇ دەردى تولا ئىش ئۇ. ھەر ئادەم ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولغىنى تۈزۈك. ماڭا نېمە كېرەك؟ تىنچ تۇرمۇش، يېتەرلىك پۇل بولسا، ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشىراق باقالىسام بولدى. مانا مەن تۇداخۇن شۇنداق ئادەملەردىن... نەق گەپكە كېلەيلى، مېنىڭ بىرەر يىلدىن بېرى نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى تازا

بىلمەيسىز، تاھىرجان، بىلسىڭىزمۇ تازا ئېنىق بىلمەيسىز. ئەمدى سىزگە دەپ بېرەي، سىزنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىڭىز، ئىچىڭىزدە گەپ ياتىدۇ، شۇڭا سىزدىن گەپ يوشۇرمايمەن... تېرىپ - تەپچىپ يىغقان كىچىككىنە ۋەجىم بار ئىدى، ئىدارىدە ئىشىمنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، شۇنى دەسمى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلدىم... كۆلمەڭ، تاھىرجان، كۆلمەڭ، ئۆزىڭىزچە بىر كادىر تۇرۇپ ئېلىپ - سېتىپ يۇردۇڭمۇ، دېمەكچىسىز - ھە؟ لېكىن بۇنىڭ نېمە يامىنى بار، ئاڭلىسام ئىچكىرىدە خېلى چوڭ باشلىقلارمۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، كەچتە پايپاق، كالتە ئىشتان دېگەندەكلەرنى ساتقۇدەك، يەنە تېخى پىششىق تاتلىقياڭيۇ ساتىدىغانلارمۇ بار ئىمىش. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز نېمىدۇق؟... ئادەم دېگەن مىدىراپلا تۇرسا بىر گەپ بولىدىكەن، ھەرھالدا زىيان تارتمىدىم. ئەمدى چوڭراق ئىشمۇ قىلىپ باققۇم بار، چوڭ ئىشنى ئاشۇ دېڭىز بار يەرلەرگە بېرىپ قىلسا، پايدىسى جىق دېيىشىدۇ. چۈشىنىۋاتامسىز، تاھىرجان، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

- ياق،- دېدىم مەن. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى راستتىنلا بىلەلمىگەنىدىم.

- ھەي - ي،- تامىقىنى چىكىلداتتى تۇداخۇن سەل رەنجىگەندەك بولۇپ،- راست دەۋاتامسىز ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسىز؟

راست دەۋاتىمەن،- دېدىم مەن ئالدىراپ.

- بوپتۇ،- تۇداخۇن ئۇھسىنىپ قويدى،- ئوچۇقراق ئېيتاي ئەمىسە! سىزنىڭ ئىككى بالىڭىز بولۇپ قالدى، ئۇلار چوڭ بولغانچە چىقىمىمۇ شۇنىڭغا يارىشا چوڭىيىدۇ دەڭا. ئوبدان قاراپ باقسىڭىز جاھان چىڭلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن مۇشۇ پۇرسەتمۇ بولماي قالىدۇ، شۇڭا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ يانىنى تومپايدىغاننىڭ غېمىنى قىلماي بولمايدۇ. ماڭا قاراڭ، تاھىرجان، ماڭا قاراڭ، مەن شتاتىمنى ساقلاپ قېلىپ خىزمەتتىن توختاي دەۋاتىمەن.

ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. مۇشۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلاشنى ئاڭلىغان، لېكىن يۇمشاق دەسسەپ، يۇمشاق سۆزلەپ يۇرگەن بۇ ئادەمدە بۇنچىلىك يۇرەكنىڭ بولۇشىنى زادىلا خىيالىمغا

كەلتۈرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن جاھاننىڭ ئىشلىرىغا خۇددى تۇداخۇن دېگەندەك "خىيالىي" مۇئامىلە قىلامدىم قانداق، "دېڭىزغا چۈشۈش" دېگەنلەرگە تازا قىزىقىپ كەتمەيتتىم.

ـ شۇنداق قىلىسىڭىز بولارمۇ؟ـ دېدىم مەن ئىككىلىنگەن ھالدا.

ـ نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ـ قىزىشىپ سۆزلىدى تۇداخۇن،ـ بۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بەرگەن بىر كاتتا پۇرسىتى. بۇ غەمخورلۇقتىن ئوبدان پايدىلانمىغانلار ئاخىر پۇشايمان يەپ قالىدۇ... سىزمۇ دېڭىزغا چۈشۈڭ، تاھىرجان، دېڭىزغا چۈشۈڭ، ئىككىيلەن تازا بىر شۇڭغۇپ باقايلى... ئۇدۇل دېڭىز ياقىسىغا كېتىمىز، سىزدە تىل ئارتۇقچىلىقى بار، مەندە تىجارەت ئارتۇقچىلىقى! چوقۇم بىزنى ئامەت كۈتۈپ تۇرىدۇ.

تۇداخۇن شۇنچە كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا قارىتا نىيىتىنىڭ خالىسلىقىنى بىلىپ تۇرسامىمۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم.

ـ يامان قىلدىڭىز، تاھىرجان، يامان قىلدىڭىز، بىر كۈنلەردە بىلىپ قالىسىز، شۇ چاغدا "ھەي، بۇ ئادەم يۇمشاق سۆزلىگىنى بىلەن، قاتتىق راست دەپتىكەن" دەيسىز...

شۇ سۆھبەتتىن ئىككى ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي، تۇداخۇن ھەممىمىزنىڭ قولىنى يۇمشاق تۇتۇپ خوشلىشىپ ئىچكىرىگە كېتىپ قالدى. ئىدارە ئىشىدا بار بولسىمۇ، يوق بولسىمۇ بولىۋېرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە كۈن پاراڭ بولغان بولۇپ، تېزلا بېسىقىپ قالدى، ھەتتا ئۇمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك ئىدى. توي ـ تۆكۈن بولىدىغان ياكى بولغان چاغلاردا، ئىدارىدىكىلەر: "تۇداخۇن بولغان بولسا، باغاقلارنى ئازغاشتۇرماي تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەتتى... تۇداخۇن مېھمان باشلاشقا ئۇستا ئىدى... تۇداخۇن چايدىن ياخشى خەۋەر ئالاتتى" دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى يادىغا ئېلىپ قالاتتى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئۇ قايتىپ كەلدى. چىرايىدىن ناھايىتى روھلۇقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئادەم ئىدارىدىكى قولۇم ـ

قوشنىلار پەتە ئوقۇپ ئۆيىگە كىرىپ بولغۇچە، ئۆزى قوشنىلارنى پەتىلەپ بولدى. باشقىلارنىڭ مېھماندارچىلىقىغا ئامراق، ئەمما ئۆزى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىشنى جاپا ئىش دەپ بىلىدىغان بۇ ئادەم بۇ قېتىم قوشنىلارنى ئۆيىدە كاتتا كۈتۈۋېلىپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. "ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردىڭىزغۇ تۇداخۇن، مېھماندوستلۇقنى ئىچكىرىدىن ئۆگىنىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟" دېگەن چاقچىقىمغا ئۇ يۇمشاق كۈلۈپ، قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: "ئادەمنى مېھماندوست قىلىدىغان نەرسە دۈمبىسى قىزىل، تاھىرجان، دۈمبىسى قىزىل. نامراتنىڭ مېھماندوستلۇقى ئۆز - ئۆزىنى زاڭلىق قىلغىنى" دەپ جاۋاب بەردى. راست گەپنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ماڭا بىر ھېكمەتلىك سۆزدەكلا بىلىندى - دە، شۇ ئاخشىملا خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. كېيىن تۇداخۇننىڭ بۇ مېھماندارچىلىقىنىڭ بىر ئاددىي مېھماندارچىلىق ئىكەنلىكى، ئىدارىدىكى چوڭ - كىچىك باشلىقلارنى رېستورانغا ئاپىرىپ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىغا ئېغىز تەگكۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئىدارىدە بىرنەچچە كۈن پاراڭ بولدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا تۇداخۇن يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا "ئىدىيىۋى خىزمەت" ئىشلەپ يۈرمىدى. قارىغاندا، ئۇ تىل قىيىنچىلىقى ئۆزىگە توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئوخشايدۇ.

تۇداخۇن شۇ تەرىقىدە كېلىپ - كېتىپ بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى، ھەر قېتىم كەلگەندە قوشنىلارنى چاقىرىۋېلىشنى، ئاخشاملىرى نېمىلەرنىدۇر كۆتۈرۈپ باشلىقلار بىناسىغا شۇڭغۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ پۇل تاپقاندەك قىلاتتى، لېكىن ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ يېڭى كىيىملىرى سەل كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىدە، تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندەك قىلمايتتى، ئۆزىمۇ يەنە بۇرۇنقىدەك ئاددىيلا كىيىنىپ يۈرەتتى.

چېگرا ئېچىلىپ كېتىۋىدى، تۇداخۇننىڭ چەتتە بىرمۇنچە تۇغقانلىرى بار بولۇپ چىقتى. ئەمدى ئۇ شەرق سەپىرىنى تاشلاپ، غەرب سەپىرىنى باشلىۋەتتى. لېكىن بۇ سەپەرنى ئاران ئىككى يىللا داۋاملاشتۇرالىدى. "سودا تۈگىدى،ـ دېدى تۇداخۇن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەل ئېچىنغاندەك قىلىپ،ـ ئۇياقنىڭ ئەھۋالى تەس، پۇلى پاخال. ئەڭ تىنچ يەر، جانغا ئەڭ ئەسقاتىدىغان يەر يەنە ئىدارە بولۇپ قالدى..."

دېگەندەك، ئۇ يەنە ئىدارىگە قايتىپ كەلدى، بۇ چاغلاردا ئىدارىدىمۇ ئادەملەر كۆپەيگەن بولۇپ، ئىشخانىلار قىس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈچ كىشى بار ئىشخانىغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرمىدى. "بۇمۇ ياخشى بولدى،- دېدى ئۇ ئىشخانىداشلىرىنىڭ قولىنى يۇمشاق تۇتۇپ تۇرۇپ،- گۇڭۇر -مۇڭۇر ئۆتىدىغان بولدۇق".

بىر كۈنى كەچتە، تۇيۇقسىز تۇداخۇن ئۆيگە كىرىپ قالدى. بۇ ئادەم سالام - سەھەتتىن ئېرىنمەيدىغان، كىچىك بالىغىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسىمۇ، بىركىمنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، كىرمەكچى بولسا ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋاقتى بار - يوقلۇقىنى سورايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى تۇيۇقسىز چەككەندە، مەن سەل ھەيران بولدۇم.



توختىماي گەپ قىلىدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن تولىمۇ سىرلىق ئىدى. ئايالىم چاي - پايىنى راسلاپ ئالدىمىزغا قويۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتكۈچە، ئۇ زاۋان سۈرمىدى. مەن ھەيران بولدۇم، بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ بىرەر خاپىچىلىق تارتىپ قالغانمىدۇ؟

ئۇ بىردىنلا پەس ئاۋازدا سۆزگە كىرىشىپ سوراپ قالدى:

- تاھىرجان، ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ ۋاقتى توشۇپتۇدەك، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

- ئەمدى ئەللىك ئالتىگە كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك قىلاتتى،- دېدىم مەن كىنايە قىلىپ.

- سىزنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭىززە،- دېدى تۇداخۇن كۈلۈپ،- كونا باشلىق كېتەمدۇ، يېڭى باشلىق كېلەمدۇ، پەرۋايىڭىز پەلەك.

- ئەمىسە، قانداق قىلسام بولاتتى، كونا باشلىقنى يىغلاپ ئۇزىتىپ،

يېڭىسىنى ناغرا ـ سوْناي چېلىپ قارشى ئالسام بولامتى، گويا
كونىسىنى ئۆزۈم يۆتكەپ، يېڭىسىنى ئۆزۈم سايلىۋالغاندەك!

ـ هەي ـ هەي، موْشوْ گەپلىرىڭىز بىلەن باشلىق دېگەنگە سەت كۆرۈنۈپ،
تا هازىرغىچە بىرەر بۆلۈمگە بولسىمۇ "پۈدى" بولالمىدىڭىز ـ دە،
سىز!

ـ ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، "جىڭدى"مۇ "پۈدى"مۇ بولغۇم يوقلۇقىنى!

ـ بولغىڭىز بولمىسا، بۇ مەيلى، بىراق باشلىقتىن پايدىلىنىشنى
بىلىش كېرەك ـ دە. مانا بۇ قېتىم سىزنىڭ كۆكلەيدىغان ۋاقتىڭىز
كەلگەندەك قىلىدۇ.

ـ نېمە؟ مېنى كەتمەكچى بولغان باشلىقنىڭ ئورنىغا قويامدىكەن؟
بولدى، ئاۋارە بولۇشمىسۇن، مەن بۇ ئىشقا يارىمايمەن، ها ـ ها!
ـقاقاقلاپ كۈلدۈم مەن تۇداخۇننىڭ جىددىي قىياپىتىنى زاڭلىق قىلىپ.
بىراق ئۇ تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي:

ـ ئۇنىڭ ئورنىغا قويمىغىنى بىلەن، شۇ باشلىقتەك ياشايدىغان
ۋاقتىڭىز كەلگەندەك قىلىدۇ، تاھىرجان، ئۇقتىڭىزمۇ؟ـ دېدى. مەن
ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم. ئويلاپ
باقسام، تۇغقانلىرىمنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر ئىدارىگە باشلىق بولۇپ
ئەمەل تۇتقان بىرەر كىشى يوق ئىدى.

ـ سادىق دېگەن بىر باشلىقنى بىلەمسىز؟

تۇداخۇننىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب
بېرەلمەي، بىردەمدىن كېيىن بېشىمنى چايقىدىم.

ـ ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ،ـ دېدى تۇداخۇن تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ.

يەنىلا بېشىمنى چايقىدىم مەن.

ـ ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئىسىملىك
بىرەرسىمۇ بولمىغانمۇ، تاھىرجان؟

بۇ سوئال دەرھال سادىقنى ئېسىمگە كەلتۈردى. بىراق ئۇ يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا ئىدى. بىر چاغلاردا شۇ ياقتىن كەلگەن بىر ساۋاقدىشىمدىن ئۇنىڭ ناھىيىدە ئەمەل تۇتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ھېلىمۇ شۇ يەردە غادىيىپ، دېھقاننى قاقشىتىپ يۈرىدىغاندۇ ھەرقاچان!

ـ شۇنداق، شۇنداق ئىسىملىك، "قىزىل پۈرۈك" لەقەملىك بىرى بولىدىغان! ـ دېدىم مەن نەپرەت بىلەن.

ـ مانا ـ مانا، ئەمدى تاپتىڭىز! ـتۇداخۇن خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىۋەتتى،ـ دەل شۇ كىشى بۇرۇن بىر ناھىيىدە ھوقۇق تۇتۇپتىكەن، كېيىن ۋىلايەتتە دەۋر سۈرۈپتۇ. ئەمدى بىزگە باشلىق بولۇپ كېلىدىكەن. تۆۋەندىن بۇ يەرگە كەلگىنىدىن قارىغاندا خېلى يولى بار ئادەم ئوخشايدۇ... ھە، بايا نېمە دېدىڭىز، ھېلىقى، ھە...
"قىزىل پۈرۈك" دېدىڭىزما؟ توۋا، باشلىق دېگەننىڭمۇ شۇنداق سەت لەقىمى بولىدىكەن ـ ھە؟ بولدى، بۇنى مەنمۇ ئاڭلىمىغان بولاي، سىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىڭ!

ئۇدۇل مېڭەمگە قان تەپكەندەك بولۇپ، بېشىم پىررىدە قېيىپ كەتتى. توۋا، بۇ راستىمىدۇ؟ ئارىدىن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، خۇدا ئۇنى مەن بىلەن يەنە ئۇچراشتۇرارمۇ؟

"توۋا" دېگەن سۆز بىر ئازابلىق ئەسلىمە بىلەن چېتىشلىق ئىدى، شۇڭا خىيالىم شۇ چاغلارغا كېتىپ قېلىپ، بىرھازاغىچە ئىچىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن روھسىز ھالدا تۇداخۇندىن سورىدىم:

ـ راست دەۋاتامسىز؟

ـ چاتاق يوق، مەن باشلىقلارنىڭ كېلىش ـ كېتىش ئىشلىرىدىن خۇددى ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگەندەك توغرا خەۋەر بېرىپ كەلگەنغۇ. بۇ قېتىمقىسىنىڭمۇ خاتاسى يوق! قانداق، خۇش بولدىڭىزمۇ؟

مەن تۇداخۇننىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ئۇنىڭ

چىرايىغا قارىغىنىمچە ئۆلتۈرۈپ قالدىم. چىرايىم تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، تۇداخۇن ئالدىراپ سورىدى:

ـ نېمە، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ يا خۇش خەۋەردىن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتامسىز؟

ـ ھەئە، خۇشاللىقىمدا ھوشۇمدىن كېتەي دەۋاتىمەن! ـ دېدىم مەن قوپاللىق بىلەن.

باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىش، ئەھۋالغا يارىشا مۇئامىلە قىلىش تۇداخۇننىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ قانداق ۋاقىتتا گەپنى ئۆزارتىشنى، قانداق ۋاقىتتا گېپىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنى ئوبدان بىلەتتى. رەڭگىمنىڭ ئۆڭگىنى، ئاۋازىمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىدىن ئۇ بىر ئىشنى سەزدى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتتى ۋە بىردەم تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ قىلىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

"ئۇنداق ئەمەستۇ؟" دېگەن ئوي كاللامدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى، لېكىن "نېمىشقا ئۇنداق ئەمەس بولغۇدەك؟" دېگەن سوئال ئالدىنقى سوئالنى قوغلاپ كېتەتتى. توۋا، ئۇنى بىر ئۆمۈر كۆرۈم كۆرمىسەكەن، دەپ خۇدادىن تىلىگەندىم، خۇدا نېمە گۇناھىمنى دەپ، ئارىدىن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ توخۇ پوقى بىلەن بىر شەھەردىلا ئەمەس، ھەتتا بىر ئىدارىدە ياشاش جازاسىنى بەرگەندۇ؟ "ئايلانىمەن قارا كۆز" دېگەن بىر مىسرا ئاھاڭ ئۇچۇن "ئاشخانا رادىئوسى"دا بىر يىلدىن ئارتۇق ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان، "توۋا خۇدايىم" دېگەن بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن ئارتىمغان گۇناھى قالمىغان، ئۇرۇشقاندا ئاجرىتىپ قويسام، قۇتراتقۇچى قىلىپ قويۇپ تەكشۈرۈشنامە يازدۇرغان، سۆيگەن قىزىمغا خەت يازسام، ئوغرىلىقچە ئېچىپ كۆرۈپ باشلىقلارغا چاققان ۋە يېزىلغان خەتلەرنى تۇتۇپ قالغان بۇ ئادەمنى ئاشۇ ئىشلار شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپلا ئەپۇ قىلىشقا بولامدۇ؟ يۈرەككە ئورناپ كەتكەن بۇ خاپىلىقلارنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر راستىنلا ئۇ بۇ يەرگە كەلسە، يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ پەيلى، ئۇنىڭ مىجەزى، ئۇنىڭ ياشاش مىزانلىرىدا ئۆزگىرىش بولغانمىدۇ؟ ھەي ـ ي، بۇ مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ! ھېلىقى يۇلغۇن،

ئۇنىڭ تۇۋىدە يۈزىنى قۇمغا يېقىپ، ھە دەپ قۇمنى مۇشتلاپ يىغلاۋاتقان سادىق بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ شۇ چاغدىمۇ پۇشايمان قىلمىغان، پەقەت مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرىتىنى تۆككەنىدى، خالاس! بۇنداق ئادەمنىڭ يىللارنىڭ تاۋلىشىدا ئۆزگىرىشى مۇمكىنمىدۇ؟...

كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر، ئاچچىق سوئاللار ماڭا كېچىچە ئۇيقۇ بەرمىدى. كۆڭلۈمدە تۇداخۇن يەتكۈزگەن خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن بۇ دۇنيادىكى توغرا كېلىپ قېلىشلار توغرىسىدىكى مىساللار بۇ ئۈمىدىمنى رەت قىلاتتى. مېنى قانداقتۇر بىر يامان كۈنلەر كۈتۈپ تۇرغاندەك يۈرىكىم ئاغاتتى. "ھازىر دېگەن زامان ئۆزگەردى، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس" دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ باقاتتىم، لېكىن زامان ئۆزگەرگەن بىلەن ئادەم ئۆزگەرمىسە، يەنىلا بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋېرىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا كۆڭلۈم بىر قىسما بولاتتى. كۆڭۈلسىزلىكلەرگىمۇ تاقابىل تۇرغۇچىلىكىم، چىدىغۇچىلىكىم بار، بىراق ئادەمگە بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر جۈپ چېقىر كۆزنى، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن ھەم ئۇزۇن، ھەم قاپقارا تۈكلەر دىردىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىرگىنچلىك چىرايىنى زادىلا كۆرگۈم يوق ئىدى.

تەقدىر دېگەن ئادەمنى زاڭلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان شېتىلە مىجەزلىك ئادەمگە ئوخشايدىكەن، دەپ قالدىم مەن ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ. چۈنكى تۇداخۇننىڭ خەۋىرىنىڭ راستلىقى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. گەپنى ئوچۇق قىلىپ، مەسىلىلەرگە كەسكىنلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىم، ئۆز ئىشىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەنلا بولۇپ، ئىش ۋاقىتلىرىدا باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىنى، ئاخشاملىرى ئۆيلىرىنى ياقىلاپ يۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن "بوينى قاتتىق" دەپ نام ئالغان بولسامۇ، ھەرھالدا ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىماي ئۆتكۈزگەنىدىم. بۇ خاتىرجەملىك يەنە داۋام قىلالارمۇ؟

ئۇ دېگەن ئىدارە باشلىقى، مېنىڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يوق، چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا باشقارما ۋە بۆلۈم باشلىقلىرى بار. ئۇنداق بولغاندىكىن، بىزدە بىۋاستە ئۇچرىشىش ئاساسەن بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇنىڭ ھوقۇق رىقابەتچىسى ئەمەس، ئۆزى كاتتا

باشلىق بولۇپ تۇرۇقلۇق، مېنىڭدەك بىر ئاددىي ئادەم بىلەن يەنە ئېيتىشىپ يۈرمەس... كاللامغا كەلگەن شۇ ئويلار مېنى بىر ئەندىشىدىن قۇتقۇزغان بولدى، بىراق كۆڭلۈمنىڭ غەشلىكى يەنىلا يوقالمىدى. چۈنكى مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم، زادىلا كۆرگۈم يوق ئىدى. شۇڭا يېڭى ئىدارە باشلىقى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشىدىكەن، دەپ چاقىرىلغان يىغىنغا ئاغرىپ قالغانلىقىمنى باھانە قىلىپ قاتناشمىدىم.

شۇ كۈنى كەچتە تۇداخۇن يەنە ئۆيۈمدە پەيدا بولدى.

ـ ھەي، تاھىرجان، بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشماي يامان قىلدىڭىز!
ـدېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا،ـ ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسىمۇ، قاتنىشىپ قويسىڭىز بولاتتى.

ـ مىجەزىم يوق ئەمەسمۇ! ـ دېدىم مەن ئېرەنسىزلىك بىلەن.

ـ ھەي، بۈگۈن سىزگە ئامەت كەلگەن كۈن ئىكەندۇق، سىزمۇزە...

ـ نېمە ئامەت ئىكەن ئۇ؟ـ ھەيران بولدۇم مەن.

ـ مانا قاراڭ، يېڭى باشلىقنىمۇ كۆردۇق،ـ دېدى تۇداخۇن سافاغا ئولتۇرۇپ،ـ ئۆزىغۇ يېقىمسىز، قوپال ئادەمدەك قىلىدۇ... ھەي، مېنى شۇنداق دېدى دەپ، بىركىمگە دەپ يۈرمەڭ يەنە!... ئەمما "داداڭ كىمنى ئالسا، ئاناڭ شۇ" دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ باشلىق دېگەننى تاللىۋېلىش ھوقۇقىمىز بولمىغاندىكىن، بولىدىغان ئادەم ئىكەن، دەۋېرىمىز دەڭا! يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ: "بۇ ئىدارىدە تاھىر ئىسىملىك بىرەيلەنمۇ بار دەپ ئاڭلىۋېدىم، كۆرۈنمەيدىغۇ؟" دەپ ئالاھىدە سورىدى. قارىغاندا، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنلا، بۇ يەردە سىزدەك بىر ساۋاقدىشىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان گەپ. كۆرۈشۈپ قويىدىغان گەپ ئىدى، تاھىرجان، كۆرۈشۈپ قويسىڭىز بولاتتى. ئۆتكەنكى ئەلپازىڭىزدىن ئۇنى تازا ياقتۇرمايدىغاندەك تۇرىسىز، بىراق سىز پۇقرا، ئۇ باشلىق، تىرىكچىلىكتە ھامان ئېگىلىدىغان گەپ. يەنە تېخى بىر ئىدارىدە بولغاندىكىن، تىنچلىق سورىشىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. كېچىكىپ سالام بەرگەندىن، بالدۇرراق سالام بېرىپ قويغاننىڭ پايدىسى بار، قانداق دېدىم؟ ھازىرچە مېھمانخانىدا يېتىپ تۇرغۇدەك ئۇ كىشى. كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ،

بىللە بىرىپ ھاردۇق سوراپ قويايلى. نېمىلا دېگەنبىلەن ساۋاقدىشىڭىز ئەمەسمۇ!

ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىز ھېكايىلەرنى تۇداخۇنغا سۆزلەپ بەرگۈم كەلمىدى.

- ئۇ ئادەم بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان بىلەن، تۈزۈك ئەسرا بولۇشۇپمۇ باقمىغان،- دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ،- مىجەزىمنى بىلىسىز، مېنىڭ ئالاھىدە بېرىپ كۆرۈشكۈم يوق. ئەتە - ئۆگۈنگىچە ئۇچرىشىپ قالارمىز، شۇ چاغدا سالام بېرىپ قويساممۇ بولىۋېرىدۇ.

- ھەي، ئاجايىپ كاج ئادەم - دە، سىز! - دېدى تۇداخۇن تامىقىنى چاكىلدىتىپ،- سىز دېگەن شۇ بىلىمىڭىز، شۇ قابىلىيىتىڭىز بىلەن ئاللىقاچان ئۆسۈپ كېتىدىغان ئادەم، لېكىن مۇشۇ خۇي - پەيلىڭىز بۇنىڭغا قويمىدى.

- خۇي - پەيلىملا ئەمەس، ئۆزۈممۇ قويمايمەن،- دېدىم مەن كۈلۈپ،- ئۆسىدىغان ئادەمنىڭ خېمىرتۇرۇچى باشقىچە بولىدۇ.

- بوپتۇ، بوپتۇ،- دېدى تۇداخۇن ئۈمىدسىزلەنگەن قىياپەتتە،- ئۆزۈم بېرىپ ھاردۇق سوراپ كېلەي، ئوبدان بىلىسىز، بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە ئايىغىم چاققان مېنىڭ!

باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىنىمۇ، ئۆيىنىمۇ پات - پات يوقلاپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بىلەن خۇشۇم بولمىسىمۇ، بىر خىسلىتىگە قايىل ئىدىم. ئۇ باشلىقلارنىڭ ئەتراپىدا ھەرقانچە پەرۋانە بولۇپ يۈرسىمۇ، ھەرگىز بەزى ئادەملەردەك باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان، باشلىقلار توغرۇلۇق پۇقرالار ئارىسىدا بولۇۋاتقان غۇلغۇلىلارنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويمايتتى. ئۇمۇ ئەمەلگە قىزىقمايتتى، چۈنكى ئۇ بەزى ئادەملەردەك "ئۆزى ئورۇق، پوقى چوڭ"لاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىدارە ئىشلىرىدا ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، باشلىقلار ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىغا يول قويسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. شۇ تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئىدارىدىكىلەر ئۇنى خۇشامەتچىلەر قاتارىغا

قوشمايتتى. شۇڭا ئىدارىدىكى پۈقرالارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

تۇداخۇننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، سادىققا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ بەرمەسلىكىنى بىلەتتىم. بىراق سادىق بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىشىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. ۋاي بوپتۇلا، بۇرۇن ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك كۆرۈشۈپ قويارمەن، دەپ ئويلىدىم مەن. لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ قىلغانلىرىنى ئاززاقمۇ ئۇنتۇيالمىغانىدىم، ئاشۇ كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ زەردەمنى قاينىتاتتى.

مەن يۈز كۆرۈشۈشنى ھەرقانچە خالىمىغىنىم بىلەن، تەقدىر مېنى يەنە بىر قېتىم تەڭقىسلىققا سېلىپ قويدى: ئەتىسى ئەتىگەندە، دەل ئىش بىناسىنىڭ ئالدىدا سادىق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. سەمرىپ قورساق سالغان سادىق سالاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى، بويىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان قويۇق چاچلىرى ئۇنى خېلى ياش كۆرسىتىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر كۆزۈم ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە تىكىلدى. ھەرھالدا ئۇ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى تۈكلەرنى قايچىلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. چىرايىدا بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولغىنى بىلەن، چېقىر كۆزلىرىنىڭ ئادەمگە بىر خىل زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىشى ئۆزگەرمىگەنىدى، چىرايىدا تەكەببۇرلۇق ئالامىتى ئويناپ تۇراتتى.

ئۇ مېنىمۇ دەرھال تونۇۋالدى بولغاي، سول قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە، ئۆزىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى.

ـ بار ئىكەنسەن ـ ھە؟ـ دېدى ئۇ گەپنى "ئەسسالامۇئەلەيكۇم"دىنمۇ باشلىماي، تەنە قىلغاندەك ئاھاڭدا،ـ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئۇقمىدىڭمۇ ياكى قارشى ئالغۇڭ كەلمىدىمۇ؟ قارشى ئالساڭ ـ ئالمىساڭ كېلىپ قالدىم. يەنە تېخى سېنىڭ باشلىقىڭ بولۇپ دېگىنە! خىزمىتىمنى ياخشىراق قوللاپ قويارسەن... توۋا، يەنە شۇ يىگىنە يەۋالغاندەك ئىنچىكىلا تۇرىسەنغۇ، ھا ـ ھا ـ ھا...

ئۇ تاماكا دېغى ئورناپ كەتكەن چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن "تىۋۋا" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، خىيالىم يەنە "تىۋۋا
خۇدايىم" دەپ قويغانلىقىم ئۈچۈن دەرد تارتقان كۆڭلىرىمگە كېتىپ
قالدى - دە، قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋالدىم ۋە:

- خۇدا ماڭا سەمرىش بەختىنى ئاتا قىلمىغان ئوخشايدۇ،- دېدىم
قەستەن خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ ۋە ئامالسىز ئەدەپ يۈزىسىدىن قوشۇپ
قويدۇم،- ئۆزۈڭ ئوبدان تۇرغاندەك قىلىسەن.

سادىقنىڭ خىيالىغا بىرەرنەرسە كەلدىمۇ ياكى مېنىڭ سۆز قىلغاندىكى
ئاھاڭىم ياقمىدىمۇ، چىرايى ئۆزگەندەك بولدى ۋە دىمىغىنى قېقىپ
قويۇپ، ئۆزىگە قول ئۇزىتىپ كەلگەن بىرنەچچەيلەنگە بۇرۇلدى.

چۈشتىن كېيىن، بىزنىڭ باشقارمىنىڭ باشلىقى مېنى چاقىرىپ، يېڭى
باشلىقنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. "نېمە قىلىدىغاندۇ بۇ
‹قىزىل پۇرۇك›، ئادەمنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويماي!" دەپ ئىچىمدە
مىڭنى تىللىدىم تېرىككەن ھالدا. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمەي
ئىلاجىم يوق ئىدى.

ھەيرانمەنكى، ئىشخانىغا كىرگىنىمدە ئۇ مېنى سافا تۇرماق،
ئورۇندۇققىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۆرە
تۇرۇپ قالدىم.

- باشقا گەپمۇ يوق،- دېدى ئۇ يۆلەنچۈكى ئېگىز لۆم - لۆم
ئورۇندۇقىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغىنىچە،- بىر ئىدارىدە بولۇپ قالدۇق،
بىز ساۋاقداش، ئوبدانراق ئىشلەپ يۈزۈمنى يورۇق قىلارسەن.

ئاچچىقىم غۇجىدە كەلدى. شۇ تاپتا، ئۇ ماڭا ئۆزى بۇ ئىدارىگە
كونا، مەن يېڭىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. "ئادىشاۋاي، شۇنچە
يىلدىن بېرى يۈزۈم يورۇق ئىشلەپ كەلگەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
سېنىڭ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ يۈزىنى يورۇق
قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيمەن" دېگۈم كەلدى. لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى
بېسىۋېلىپ، مۇلايىم ئاھاڭدا:

- بۇ ھەقتە تەلىم بەرمىسەڭمۇ، بۇرۇن قانداق ئىشلىگەن بولسام،
شۇنداق ئىشلەپ كېتەرمەن، ئارامخۇدا ئىشلىگىلى بولسىلا...، -

دېدىم.

ئۇ مېنىڭ كېيىنكى گېپىمنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى چۈشەنمەسكە سالدىمۇ، ئۇقمىدىم، ئۇستەلنى چېكىپ تۇرۇپ دېدى:

ـ ھە، باشقا گەپلەر بولسا ئاستا ـ ئاستا دېيىشەرمىز. ئاساسىي مەقسەت، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نېمىلا دېگەنبىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مۇناسىۋەت بار، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن "سىزلىشىپ" ئۆتەيلى.

"ماۋۇ چاكىنىنى!..."

مەن مەسخىرىلىك نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدۇم ـ دە، ئارقامغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم.

توۋا، مەن ئۇنى "سىز" دېگۈدەكمىشمەن! ئۇ باشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى "سىز" دېيىشىم كېرەك ئىكەن! سادىقتەك ئادەملەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىدە ئۆزگىرىش بولسا، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ. مەنسەپ ـ مەرتىۋە دېگەنلەر شۇنداق ئۇلۇغ نەرسىلەرمىدۇ؟!

مەن سادىق بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇئامىلەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولدۇم: بىزنىڭ چىقىشىپ ئۆتۈشىمىز زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

مۇشۇ زاماندا بەزى باشلىقلاردا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىلغان ئىشىنى ياقتۇرمايدىغان غەلىتە كېسەل پەيدا بولۇپ قالدى. مەسىلەن، بەزىلەر بىرەر ناھىيىدە ئەمەل تۇتۇپ قالسا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ھوقۇق تۇتقان باشلىق ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىغا تىككۈزگەن ئاكاتسىيىلەرنى يۇلدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا قارىغاي (ھاۋا شارائىتى ماس كەلسۇن ـ كەلمىسۇن) تىككۈزىدىكەن، بۇ قارىغاي كۆچەتلىرى ئەي بولۇپ سايە تاشلىغۇچە، بۇ باشلىق يەنە بىر يەرگە كېتىپ قالىدىكەن ـ دە، شۇنداق كېسىلى باردىن يەنە بىرسى كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ قارىغايلىرىنى يۇلدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يەنە بىر خىل دەرەخ كۆچەتلىرىنى پەيدا قىلىدىكەن. يەنە بەزىلەر ئىدارە

دەرۋازىسىنى يېڭىلاش بىلەن ئىدارىنىڭ قىياپىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. سادىق دەل دەرۋازا يېڭىلىغۇچى چىقىپ قالدى. ئۇ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىنلا، تۇداخۇندىن "ئىدارە باشلىقى ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ ئورنىنى يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ئۆزى بىۋاستە ئۇقۇشۇپتۇ" دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولمىدىم. شۇغىنىسى، ئىدارىنىڭ پۇلغا ئىچىم ئېچىشتى. چۈنكى نۇرغۇن پۇل بىلەن پۈتكەن بۇ دەرۋازىنىڭ ياسالغىنىغا بىر يىلمۇ بولمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەرۋازىنىڭ ئورنىمۇ ياخشى بولۇپ، ئىدارە خىزمەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزگۈدەك ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى.

- بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟- دېدىم مەن قايناپ،- بۇ دەرۋازا ئۇنىڭ ھېلىقى رەڭلىك پۇرۇكىگە تاقىشىپتۇمۇ؟ ئىدارىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىكەن، بۇرۇنقى باشلىقلار ياخشى باشقۇرماپتۇ، دەپ يۈرگەن سادىق ئەمدى نېمە قىلماقچى؟ قىلىدىغان ئىش تاپالمىغاندەك، تاپقان ئىشىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ!

- ھەي - ھەي، قايىنىماڭ، تاھىرجان، قايىنىماڭ، سىز دېگەن ئاددىي بىر پۇقرا، كاتتىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىنىڭىز بىلەن سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز سۆزلەۋېرىسىز، باشلىق قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ.

تۇداخۇننىڭ راست دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ھەر يىللىق باھالاش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، يىل بويى غادىيىپ يۈرگەن باشلىقلار چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن قىزغىن سالاملىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. باھالاش باشلانغاندا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى بىر سائەت، ھەر يىلى باھالاشتا سۆزلىنىدىغان، ئەمما زادىلا تۈزىتىلمەيدىغان يېتەرسىزلىكلىرىنى بەش مىنۇت سۆزلەپ، ئاندىن ئاممىنىڭ قىلچە قورقماي پىكىر بېرىشىنى، بۇ پىكىرلەرنىڭ كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن قاتتىق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. ماڭا ئوخشاش ئىچى پۇشقاقلار سۆزلەپ قويىدۇ، ئەمما باھالاش تۈگىشى بىلەن ئىشلار يەنە بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى سۆزلىگەن يېتەرسىزلىكلىرىنىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈمىدلىرىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بەزى باشلىقلار بۇ يەردە ئىشنى

ئەپلەشتۇرەلمەي قالسام، يۇقىرى مېنى تەڭشەپ يەنە بىر يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ، يەنىلا باشلىق بولۇپ تۇرىۋېرىمەن دەپ، قىلىدىغىنىنى قىلىپ يۇرگىنى بىلەن، ئامىنى تەڭشەپ ئاپىرىپ قويىدىغان بىرەر يەر يوق، "تەڭشەلسە" جەمىيەتكە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ شۇ! ئىدارىنى پالاكەت باسسا، ئاشۇ ئامىنى پالاكەت باسىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىدارە دېگەننى ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئائىلىسى، يەنە كېلىپ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئائىلە دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. دېگەنلىرىمنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، قاينىغىنىم دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

ـ يا ئەمدى دەيمىنا! ـ دېدىم مەن ئۆزۈمنى باسالمىغان هالدا،ـ ئىدارە ئۈچۈن بىر تىيىنلىق پايدا ياراتماي تۇرۇپ پۇل خەجلەيمەن دېيىشنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس ـ دە!

ـ قۇرۇلۇش دېگەن پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش... ـ دەپ كۈلدى تۇداخۇن ۋە كەينىدىنلا گەپنى يۆتكىۋەتتى،ـ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، تاهىرجان، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. دەرۋازا پۈتكەندىن كېيىن، باشلىق دېگەن ماشىنىنىمۇ يېڭىلايدۇ، قاراپ تۇرۇڭ! سىزچۇ، تاهىرجان، مائاش ۋاقتىدا بېرىلىۋاتامدۇ ـ يوق، دېگەنگە ئوخشاش مۇهىم ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلسىڭىز بولدى، نېمە قىلىسىز ئۆزىڭىزنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا كۆڭۈلىڭىزنى پاراكەندە قىلىپ!

گەپ ـ سۆزدە تولىمۇ ئېهتىياتچان، ئەمما مېنىڭ ئالدىمدا كۆڭلىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرىنى خاتا دېيىشكە بولمايتتى.دەرۋەقە، نۇرغۇن پۇلغا پۈتكەن هەيۋەتلىك يېڭى دەرۋازا كونا دەرۋازىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا ئىدارە باشلىقى سادىق يېڭى پىكاپقا ئولتۇرۇپ يېڭى دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىدىغان بولدى.

ھەممە چىشلىرىلا ئەمەس، ھەتتا قىلىن لەۋلىرىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ بودەك ئايال سادىقنىڭ ئايالى ئىكەن.
سادىق ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ، يىرىم يىلدىن كېيىن ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ چىققانىدى. ئىدارە ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرەر قۇر پەتە قىلىپ چىققان بولدى. "بولدى قىلغىن،- دېدىم مەن سابىرەگە،- بوسۇغىسىغا قەدەم باسقۇچىلىكى يوق خەقلىقىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ!" لېكىن ئايالىم: "ھەرقانچە بولسىمۇ قوشنا بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ، سەت بولىدۇ" دەپ ئۇنىمىدى.

بەزى ئايالالار سادىقنىڭ ئايالىنى ئۆيىگە چاقىرىۋېلىشقانمۇ بولدى، لېكىن ئېرىگە ئوخشاشلا قوپال، ھەممىگىلا "يولىورۇق" تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدىغان بۇ تەكەببۇر ئايال ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ياقمىدى بولغاي، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى.
"ۋايىيەي، رىزقىمىز ئۇنىڭ قولىدىمىدى! -دېيىشەتتى ئايالالار لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈشۈپ،- قوشنا بولۇپ قالدۇق دەپ ئادىمەتچىلىك قىلساق، ھەممىنى باشقۇرىمەن دەيدىكىنا بۇ خوتۇن! يا ئېرىگە دەپ بىزنىڭ ھويلىدا بىر ئىدارە قۇرۇۋالغۇسى بارمىكىنتاڭ بۇنىڭ!..."

"ئۇرۇمچى دېگەن ئاجايىپ بىر قاملاشمىغان يۇرتكىنا بۇ! - دەپ كوتۇلدايتتى بۇ ئايال ئالتۇن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ‹ئالتۇن كالپۇك›لىرىنى قىسايتىپ،- يۇرتتىكى چېغىمىزدا جىمى ئادەم يىراقتىن بىزنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، يولنىڭ چېتىدە ئېگىلىپ، بىز ئۆتۈپ بولغۇچە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى، بۇ يەردە بېشىنى لىڭشىتىپ قويغىنى، ‹ياخشىمۇسىز› دەپ قويغىنى چوڭ ئىش ئىكەن..."

دېمىسىمۇ، باشلىقتىن باشلىق تولا، باشلىق دېگەن ئىدارىدە باشلىق، سەككىز سائەت ئىچىدە باشلىق، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان بۇ شەھەر تۆۋەندىن كەلگەن باشلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىلا ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەرگىمۇ بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ بېرەتتى.

سادىقنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بىلەن تەڭدېمەتلىك ئوغلى رازىق (بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغىنىمدا، سادىقنىڭ ئەسلى ئىسمى باقى ئىكەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى) دوغىلاق، دادىسىغا ئوخشاش چېقىر كۆز، يوغان بۇرۇن بالا ئىدى. سىنىپىي لۇشيەن ۋاقتىلىرىدا بولغان

بولسا، ئالىي مەكتەپكە دادىسىدەك كىرىپ كېتەرمىدىكىنتاڭ، رەسمىي ئىمتىھان بىلەن قوبۇل قىلىدىغان بۇگۈنكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگۈدەك ماجالى بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، تېخىچە بىكار يۈرەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سادىق ئۇنى بىر شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، لېكىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا رازىق بىكارچى بولۇپ قالدى. مىش - مىش پاراڭلارغا قارىغاندا، رازىق شىركەتنىڭ بىرمۇنچە پۇلىنى خەجلىۋالغانمىش، سادىق بۇ پۇلنى تۆلەپ، ئوغلىنى جازادىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇدەك.

شۇنىڭدىن كېيىن، رازىقنىڭ بەزىدە ھويلا سىرتىدىكى دوقمۇشتا "چىرت - چىرت" تۈكۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى، بەزىدە چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، مەست ھالەتتە ھويلىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولدۇم.

- رازىق بىلەن ئارىلىشىپ قالما،- دېدىم بىر كۈنى مەن ئوغلۇمغا كەسكىنلىك بىلەن.

- ساراڭ بولمىدىم، دادا، ئۇ دەلدۈش بىلەن ئارىلاشقىلى،- دېدى ئوغلۇم گېپىمدىن رەنجىگەندەك قىياپەتتە،- ئارىلاشقۇسى بار ئۇ ساراڭنىڭ. لېكىن بىز باشقا - باشقا ئادەملەر، ھەرگىز چىقىشالمايمىز.

مىجەز - خاراكتېرى ئۆزۈمنى تارتىپ چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلۇمدىن پەخىرلەنگەندەك، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدۇم.

سادىق بىلەن بولغان مۇئامىلەم بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى "سىز" دېگۈم كەلمىگەچكىمىكىن ياكى يېقىنلىشىشنى خالىمىغاچقىمىكىن، يىراقتىن كۆرۈپ قالسامىمۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئالاتتىم، ئۇدۇل كېلىپ قالسا، بېشىمنى ئېگىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇنى كۆرسەملا ئاشۇ كۈنلەر يادىمغا كېلەتتى - دە، ئىچىمدە بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى باش كۆتۈرەتتى.

يىل ئاخىرلىشىپ، يەنە يىللىق خۇلاسىلەر باشلىنىپ كەتتى. ئومۇمىي يىغىندا سادىق قاتارلىق ئىدارە مەسئۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر يىللىق

ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغان ئادەت بويىچە ئاممىنىڭ ھەرقانداق پىكرىنى سەمىمىيلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يېڭى يىلدا يېڭى قەدەم تاشلاپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىشتى.

بىر يىللىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىدارىنىڭ ئىقتىسادىدىكى قىزىل رەقەم كۆپىيىپ كەتكەنىدى. سادىق بۇ ئىشقا قانداق قارايدۇ، بۇنىسى نامەلۇم، بىراق ئاما قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا پىكىر ئېلىش يىغىنىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى گەپ كۆپرەك بولۇندى. بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلغانلارنىڭ بىرسى مەن ئىدىم. مەن يېڭى دەرۋازا، يېڭى ماشىنىلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ سالدىم. مەن سۆزلەۋاتقاندا، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋالغان تۇداخۇن ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپلا ئولتۇردى. بىلىمەن، ئۇ ماڭا سۆزلىرىمنىڭ كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىنى، يىللىق باھالاشتىن كېيىن ئىشلارنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، "ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ" دېگەن ماقال بويىچە ئىش قىلىشىمنى بىلدۈرمەكچى. لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئىشلار يەنە بۇرۇنقىدەك كېتىۋاتاتتى. تۇداخۇننىڭ دېگىنىدەك "يېڭى دەرۋازىنى بۇزۇۋەتكىلى بولمايتتى، سادىق باشلىق ئىكەن، يېڭى ماشىنىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىق ئىدى".

شۇنداق غەلىتە ئادەملەر بار. ئۆز ئورنىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا پىكرى بارمۇ دېسىڭىز، تازا بار. ئاما غۇلغۇلا قىلغاندا ئۇلارمۇ تەڭلا سۆزلەيدۇ. لېكىن پىكىر ئېلىش يىغىنى، يىللىق خۇلاسە دېگەنلەردە باشلىقلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغان بولسىمۇ، يەنە نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك بولۇشۇپ، مۇم چىشلىۋالغاندەك جىم ئولتۇرۇشىدۇ. بۇمۇ مەيلى، بىراق ھەممىدىن يامان يېرى يىغىن سورۇنىدا باشلىقلار بولمىغىنى بىلەن، بۇرۇن - بۇرۇندىن "يۇمىلاق تاۋۇز" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر بولۇنغان گەپلەرنى، كىملەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېقىتماي - تېمىتماي ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار خۇددى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدىغان مىراسقا ئوخشايدۇ، بىر باشلىق كەتسە، يەنە بىر باشلىقنىڭ قۇلىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. باشلىق بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا

ياخشىچاق بولۇپ نەپكە ئېرىشىش غېمىدە باشقىلارنى سېتىش ۋە چېقىشلار ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلىمايدۇ، يۈزىنى قىزارتمايدۇ. بۇرۇن ھېچبولمىسا ھومىيىپ قويۇپ بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان سادىق مېنى كۆرمەسكە سالىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئىدارىمىزدىكى ھېلىقىدەك كىشىلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما مەن بۇنى قېتىمغا ئالمىدىم. "سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىك قىلىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى نېمە قىلالايتتىڭ؟ مەن سېنىڭ بىلەن قېرىشماقچى ئەمەس، لېكىن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلگەچكە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ نەزىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەن دەيدىغىنىمنى دەيمەن" دەپ ئويلايتتىم مەن.

بىر كۈنى، باشقارما باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، تۆۋەنگە يېرىم يىللىق خىزمەتكە بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى. بۇرۇنقى چاغلاردا ھەرقانچە ئارزۇ قىلسامۇ، بۇنداق ئىشلار ماڭا تەگمەيتتى. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ تۆۋەننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەھۋالىنى بىلىپ باققۇم، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ مېڭەمنى سەگىتىپ كەلگۈم بار ئىدى. لېكىن بۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلارمۇ ئۆستۈرۈلىدىغان كادىرلارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە قارىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، تۆۋەنگە بېرىشنى ئالدىراپ - تېنەپ تەلەپ قىلغىلى بولمايتتى. مانا، يېشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا بۇ ئامەت ماڭا كەپتۇ. لېكىن ئۆستۈرۈلۈش يېشىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭ قەدىرلەش ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالىم يېقىندىنلا چوڭ ئوپېراتسىيىدىن چىققانىدى.

- تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت،- دېدىم مەن سىلىق ئاھاڭدا ئايالىمنىڭ چوڭ ئوپېراتسىيىدىن يېڭىلا چىققانلىقىنى ئېيتىپ،- كېيىن يەنە پۇرسەت چىقىپ قالار، شۇ چاغدا بارسام.

- ئۇنداق قىلغىلى بولماس، ئاكا،- دېدى باشقارما باشلىقى تەلەتنى بۇزۇپ،- بۇ دېگەن سا جۇيجاڭنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى، بۇنىڭغا بويۇن تولغىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟!

مەن چۈشەندىم، يىللىق خۇلاسىنىڭ دەردى ئەمدى چىقىۋاتاتتى. قىلغىنىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەچكە، پۇشايمان كۆڭلۈمگە سايە تاشلىيالمىدى. سادىقنىڭ يېنىغا يالۋۇرۇپ كىرىشنى ئەسلا

خالىمايتتىم. شۇڭا ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، يەنە ھال ئېيتىپ ئولتۇرماسلىق، ئەۋەتىلگەن جايدا يېرىم يىل تۇرۇپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم.

ئايالىمنىڭ "يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئۆزىڭىزگىمۇ، بىزگىمۇ ئارام بەرمەيسىز" دېگۈسى بارلىقىنى، ئەمما مىجەزىمنى بىلگەچكە ئاغزىدىن چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. دېگەندەك، ئۇ سەپەر خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا كۆز يېشى قىلىشتىن باشقا ئىپادە بىلدۈرمىدى.

تۆۋەندىكى يېرىم يىللىق تۇرمۇش مېنىڭدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بىر قارىسا بېيىغاندەك، بىر قارىسا تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان، ئۈستۈېشىنى توپا باسقان توپا چىراي دېھقانلار ئادەمدە "مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان دېھقانلار دۇنيادا يەنە بارمىدۇ؟" دېگەن ئويىنى پەيدا قىلاتتى. بەزى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆكتەملىكلىرى دەل سادىقنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ ناھىيە ۋە ۋىلايەتتە ئىشلىگەن چاغلىرىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. دېھقانغا قاراپ ئىچىڭ سىيرىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۇزۇك ئىش قىلىپ بېرەلمەيسەن، چۈنكى سېنىڭدە ئۇنچىلىك ھوقۇق يوق، بولسىمۇ ئىمكان يوق...

ئىدارىدىكى باش ئاغرىقلاردىن، سادىقنىڭ تەكەببۇر چىرايىدىن، قوپال ۋە بوغۇق ئاۋازىدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولغىنىم بىلەن، بۇ يەردىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆرتىشى مېنى يېرىم يىل قىينىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن دېھقانلارنىڭ "بولىدىغان كادىركىناي بۇ، يا يوغانچىلىقى يوق، يا نەپسى بالا ئەمەس، گەپ - سۆزلىرىمۇ سىلىق... " دېگەندەك باھاسىغا ئېرىشىپ قايتىپ كەلدىم.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، يەنە ھېلىقى باشقارما باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، مېنىڭ يەنە سەككىز ئايلىق ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى.

ـ قويۇڭا، ئۇكام،ـ دېدىم مەن تېرىكىپ،ـ بۇ ياشقا كىرگىنىمدە، ئىدارىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش ۋەزىپىسىنى ماڭا كۆتۈرە بەرگۈڭلار كەلدىمۇ، نېمە؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ، ئۇياقتىن كەلسەم، خۇددى

دېھقاننى ھاشارغا ھەيدىگەندەك بۇياقتىن تۆۋەنگە قوغلاپ! ئەڭ
ياخشىسى، ئۆسۈشنىڭ غېمىدە يۈرگەنلەرنى ئەۋەتىڭلار، ئۇلار ھەم
چېنىقىۋالسۇن، ھەم ئۆزلىرىنى بىر كۆرسىتىۋالسۇن.

بۇ قېتىم باشقارما باشلىقى ئۆتكەن قېتىمقىدەك توڭلۇق قىلمىدى. ئۇ
خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە بېشىنى قاشلاپ قويۇپ:

ـ مېنىڭدىن خاپا بولماڭ، ئاكا، بۇنى مەن ئورۇنلاشتۇرغىنىم يوق،
ساجۇيجاڭنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بۇ!

بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا ئالاھىدە ھوقۇقى بولمايدىغان بۇ
باشقارما باشلىقىغا دوق قىلغىنىمغا خىجىل بولۇپ قالدىم. دېمىسىمۇ
نېمە قىلغىنىم بۇ؟ ھەممىنى سادىق قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇ ئىشلىرى
يۈرۈشمىگەندە دەردىنى ئالىدىغانغا ئادەم ئىزدەش، ئۆزىگە قارشى
چىققانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەسمۇ! بۇرۇن ئوچۇق -
ئاشكارا قىلاتتى، ھازىر باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق قىلىدىغان
بوپتۇ. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتىدا ئۆگەنگىنى ئاران شۇ ئوخشايدۇ.

ـ بولدى، ئۇكام، سىزنىمۇ تەڭلىكتە قويماي،ـ دېدىم مەن ئىشخانىدىن
چىقىپ كېتىۋېتىپ،ـ ئاشۇ ئادەم بىلەن ئۆزۈم بىر كۆرۈشەي.

ـ بۇ دېگەن ئىدارىنىڭ ساڭا ئىشەنگەنلىكى، سېنى قەدىرلىگەنلىكى.
بىر ئىدارىدە شۇنچە يىل ئىشلەپ مۇشۇنچىلىك داۋلىنىمۇ
چۈشەنمىگۈدەك بولالمىدىڭمۇ؟ـ دېدى سادىق مېنىڭ گېپىمنى يېرىمىدىلا
ئۈزۈپ تاشلاپ،ـ تەييارلىقىڭنى قىل، تاھىر، ئىدارىنىڭ قارارى
قارار، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ!

ـ بۇ ئىدارىنىڭ قارارىمۇ ياكى سېنىڭ قارارىڭمۇ؟ـ ئاۋازىمنى
كۆتۈردۈم مەن.

ـ قىزىق گەپ بولدى ـ دە، بۇ! ـدەپ دىمىغىنى قاقتى سادىق بۇرنىنى
كولاۋېتىپ،ـ يۇقىرى بۇ ئىدارىنى ماڭا تاپشۇرغانىكەن، ئىدارە دېگەن
مەن، مەن دېگەن ئىدارە!... سەن تېخى نادان ئىكەنسەن، تاھىر،
بارغىن، تۆۋەنگە بېرىپ كۆپرەك چېنىققىن، بەلكىم ساڭا ئەقىل كىرىپ

قالار.

ـ ئۇنداق دېگۈچە، ئوچۇقلا قىلىپ "ماڭا خۇشامەت قىلىشنى ئۆگىنىپ كەل" دېسەڭلا بولمامدۇ!

ـ بۇنى مەن دېمىدىم، سەن دەۋاتىسەن. سەن خۇشامەت قىلىشنى ئۆگىنەمسەن- ئۆگەنمەمسەن، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، سېنىڭ خۇشامىتىڭنىڭمۇ كېرىكى يوق، خۇشامەت قىلىدىغان ئادەم ئازمىدى ماڭا!

ـ قارىغاندا، كۆڭلۈڭدىكى ئۆچمەنلىك تېخىچە يوقىماپتۇ ـ دە، سېنىڭ!ـ دېدىم مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپ.ـ يەنە بىر يەرگە كېلىپ قالدۇق، نېمە قىلىدىغىنىمنى كۆر، دەۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ناھايىتى بولسا، مېنى ئاشۇ يىلى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاخىرقى يەكشەنبىدە سەن دۇم يېتىۋېلىپ يىغلىغان يۇلغۇن تۈۋىگە قوغلىۋېتەرسەن، بىراق بىلىپ قوي، سەن يىغلىغان بىلەن مەن يىغلىمايمەن. ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ، سەن ئاشۇ ئاتتىن باشقا بىرنېمە بولۇپ قالمىساڭلا...

سادىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىرھازاغىچە گەپ قىلالماي ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالدى، ئاندىن ئۈستىدىن سوزۇلۇپ تۇرۇپ قولىنى شىلتىدى:

ـ چىق، كۆزۈمدىن يوقال!

مەن مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. گويا چىدىماسلىق قىلغاندەك قىلغىنىم بىلەن، ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزگەن، ئەسلى قىياپىتىنى ئېچىۋەتكەندىم. بەلكىم ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ قويغان، ئۆمۈر مۇساپىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئوي - پىكرىنى مەڭگۈ سىر پېتىچە قالدۇ، دەپ ئويلىغان بولغىيدى، بىراق بۇ سىر بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىللار بۇرۇنلا ھېلىقى يۇلغۇن تۈۋىدە ماڭا ئاشكارا بولۇپ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۆزى ئۆزگە رەقىب قىلىۋالغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنچە بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى، ھەرقانچە قىلسىمۇ باش ئەگمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. مەن تېخىچە ئۇيقۇسىز ياتقاچقا چوچۇپ كەتمىدىم. تۇرۇپكىدىن تۇداخۇننىڭ هودۇققان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ تاھىرجانما؟ كەچۈرۈڭ، مالال يەتكۈزدۈم، پەقەت ئامال بولمىدى...

ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئايالى كۆز ئالدىمغا كەلدى ـدە، كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولۇپ ئورنۇمدىن ئالدىراپ تۇردۇم.

ـ تۇداخۇن، هودۇقماڭ، دەڭ، نېمە ئىش بولدى؟

ـ كەچتە ئايالىمنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، دوختۇرغا ئەكەتكەن... ماراپ تۇرغاندەك بولغان ئىشنى قارىمامدىغان، ئەستا!

ـ ئادەمنى تەقەززا قىلماي چاققانراق دېمەمسىز! ئايالىڭىز...

ـ ياق، ياق، ئايالىم ساق، ئەمما ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ.

قارىغاندا، تۇداخۇننىڭ "دېڭىزغا چۈشۈپ"، چەت ئەلگە قاتراپ تاپقان دۇنيالىرىغا سوغۇق قول تەگكەندەك قىلاتتى.

راست دېگەندەك، تۇداخۇننىڭ ئۆيى ئوڭ ـ تەتۈر بولۇپ كەتكەنىدى، ئوغرى هالى چوڭ ئوغرى بولسا كېرەك، تېلېۋىزور، سىنقويغۇ دېگەندەك نەرسىلەرگە قول تەگكۈزمەي، پەقەت پۇل، ئالتۇن زىبۇزىننەت دېگەندەكلەرنىلا كۆتۈرۈپ كەتكەنىدى.

دېلونى ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق. نەق مەيدان تەكشۈرۈلدى، سۈرەتكە ئېلىندى، گۇمانلىق هالقىلار تەكشۈرۈلگەن بولدى. مەن تاڭ ئاتقۇچە تۇداخۇنغا هەمراھ بولدۇم. ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى، "پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە بىر ئۇچى بىلەكتە" دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، ئۇ ئىختىيارسىز غالىلداپ تىترەيتتى، ئاغزى تۇزۇك گەپكىمۇ كەلمەي، پەقەت: "قارىمامسىز، تاھىرجان، قارىمامسىز، نېمە جاپالار بىلەن تاپقانىدىم ـ هە!..." دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى.

ئەتىسى، بۇ ئىش پۈتۈن ئىدارىگە پۇر كەتتى، كىشىلەر ئۇنداق - مۇنداق پەرەزلەرنى ئېيتىشىپ باقتى، بىراق پەرەز ھامان پەرەز، ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش نەتىجىسىنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

يەنە بىر كۈن ئۆتتى، ئەتىسى مەن سەككىز ئايلىق سەپەرگە مېڭىشىم كېرەك ئىدى. كەچتە تۇداخۇن خوشلاشقىلى ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا نەچچە كۈنكى بىچارىلىك ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

- دېلو پاش بولغان ئوخشىمامدۇ، تۇداخۇن،- دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇش بولۇپ،- ئوغرى تۇتۇلۇپتىمۇ؟

تۇداخۇن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ دۇدۇقلىدى:

- ھە - ھە، خۇداغا شۈكۈر، تەلىيىم بار ئىكەن مېنىڭ! بۇ ئىشمۇ بىر تەرەپ بولدى.

- ئەجەب تىلىڭىزنى چايناپ قاپسىزغۇ! -دېدىم مەن رەنجىپ،- ئىش يۈز بەرسە، كېچىدە يۈرەكنى چۆچۈتۈپ تېلېفون بېرىسىز، خاتىرجەم بولۇپ قالسىڭىز، گەپنى پۈتۈن قىلىپ بەرگۈڭىز كەلمەيدۇ. بۇ قانداق گەپ؟

- خاپا بولماڭ، تاھىرجان، خاپا بولماڭ،- دېدى ئۇ ئالدىراپ،- راست گەپنى قىلسام، بۇنى ھېچكىمگە دېمەي دېگەنىدىم، لېكىن سىز ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز، ئىچىڭىزدە گەپ ياتىدۇ. ئەممازە بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ كەتسە، ماڭا ياخشى كۈن يوق جۇمۇ!...

- دەڭا، نېمە ئىش بولدى؟ ئۆزىڭىزنىڭ دۇنياسىنى ئۆزىڭىز ئوغرىلىغاندەك ئەجەبمۇ "تىتى - مىتى" دەپ تىلىڭىزنى چاينىدىڭىز ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ!

- ئەمىسە، ئاڭلاڭ، ئەمما كەينىدىنلا ئۇنتۇپ كېتىڭ، بولامدۇ؟ رازىقجاننىڭ ئاققا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟

- قايسى رازىقجان؟

ـ بىزنىڭ جۇيجاڭنىڭ ئوغلىچۇ؟

ماڭا ھەممە چۈشىنىشلىك بولدى. سادىق گېدىيىپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشكە باشلىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئاللانىڭ جازالىشىمۇ ياكى ئۇنىڭ تارتقۇلۇقىمۇ، ئوغلى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلماقتا ئىدى.

سادىقنىڭ ئالىي مەكتەپتە قىلغان ئوغرىلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سەتچىلىكىنى چىرايلىق ھەل قىلىپ، يۈزىنى ساقلاپ قالغان بولسامۇ، ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىگەن سادىق مېنى ئۆمۈرلۈك دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئەمدى بۇ كۈن تۇداخۇننىڭ بېشىغا كېلەرمۇ؟ "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق" دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە!

ـ بولدى، تۇداخۇن، قالغىنى سىزدە سىر بولۇپ قالسۇن، ھەممىنى چۈشەندىم، سادىق بىلەن يەڭ ئىچىدە كېلىشتۇق، دەڭا!

كېچىدىكى ئويلىرىم تولىمۇ مۇرەككەپ بولدى. سادىقنى بىر ئاتا سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ يىلتىزى دەپ قەدىرلىگەن ئوغلىنىڭ تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېزىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىر ناباب ھوقۇقدار سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، "خوپ بوپتۇ!" دېگۈم كەلدى.

9

سەككىز ئاي مېنى ئالدىنقى ئالتە ئايدەك قىينىۋېتەلمەيتتى. چۈنكى ئۇۋالچىلىق تۇيغۇسى مېنىڭدىن نېرى كەتمىسىمۇ، شۇ تۇيغۇ تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھېسسىياتى مېنى تېتىكلەشتۈرەتتى. "سەككىز ئايمۇ ئۆتۈپ كېتىئىدۇ، مەن يەنە قايتىپ

بارمەن، ئۇ مېنىڭ تىككىدە قەددىمنى يەنە كۆرگىنىدە، يۈرىكى قانچە ئۆرتىنىپ كېتەر ـ ھە؟" دەپ ئويلايتتىم مەن.

بۇ ئارىدا ئىدارىدىن بەزى قىزىق خەۋەرلەرمۇ كېلىپ تۇردى. تۇداخۇننىڭ پېنسىيىگە چىقىشىغا ئىككى ـ ئۈچ يىللا ۋاقىت قالغان بولسىمۇ، ئىدارە باشلىقىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن مەمۇرىي ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپتۇدەك. بۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشى يوق تۇداخۇن سادىقنىڭ يېنىغا كىرىپ: "ئۇنداق قىلمىسىلا، جۇيجاڭ، مېنى مۇشۇ ئىشتىن ئازاد قىلغۇەتسىلە. مەن ئەمەلدارلىق ئىشلىرىنى ھەرگىز قاملاشتۇرالمايمەن" دەپ يالۋۇرغانىكەن، سادىق: "باشلىق بولۇشنى خالىمايدىغانمۇ ئادەم بولامدۇ بۇ دۇنيادا! بەرگەن ئەمەلنى كىچىك كۆرۈۋاتامسىز؟ ئوتتۇز يىل نەچچە باشلىقنىڭ قولىدا ئىشلەپ ھېچنېمە تەگمەپتىكەن سىزگە، مانا مەن بەردىم، كىچىك بولسىمۇ چوڭغا ھېساب قىلىپ تۇتۇۋېلىڭ بۇ ھوقۇقنى!" دەپ، تۇداخۇننى ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋېتىپتۇدەك. سۈپۈرگە، داس ـ چېلەك، پول سۈرتكۈچ دېگەندەك نەرسىلەرگە مەسئۇل بولۇپ قالغان تۇداخۇن يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي يۈرگۈدەك.

يەنە بىر خەۋەر سادىقنىڭ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىر كۈنى، رازىق دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى پۇل بېرىشكە زورلاپتۇدەك. سادىق ئۇنىمىغانىكەن، ئۇنىڭ گېلىغا پىچاق تەڭلەپتۇدەك. باشقىلار كىرىپ ماڭ تەستە سادىقنى قۇتقۇزۇۋاپتۇدەك. سادىق شۇ ئاچچىقىدا بالىسىنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپتۇدەك. رازىق زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىدا قوشۇقنى يۇتۇۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھوشىنى ئاپتۇدەك. ئالتۇن چىشلىق، ئالتۇن لەۋلىك بودەك خوتۇن يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرۈپ، ئۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىدىن ئاچىقىۋاپتۇدەك. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدا، ھېسسىياتىم يەنە مۇرەككەپ بولدى. سادىق بۇ قېتىممۇ بىردە بىر بىچارە ئاتىدەك، بىردە بىر ناباب ھوقۇقداردەك كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئىدارىدىن دەرھال قايتىپ كېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق تېلېگراممىسى سادىقنىڭ ماڭا بەرگەن سەككىز ئايلىق "سۈرگۈن" مۆھلىتىنى تولۇق توشقۇزۇشقا ئىمكان بەرمىدى. ئۆيدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنمىدۇ، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ئالدىراش قايتىپ كەلدىم. ئەندىشەم ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. قايتىپ كېلىشىمگە دەل سادىق

سەۋەبچى بولغانىدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مۇشەررەپ بولالمىغانىدى.

بۇ قېتىم مېنى ئەمەس، سادىقنى پالاكەت باسقانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ پالاكەت سادىقنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتىنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ئىچىدىن سېسىغان ئالمىدەك بولۇپ قالغان سادىق ۋىلايەتتىن بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، "ئەلىشاھ ئۇۋغا چىقتى، كەينىدىن غوۋغا چىقتى" دېگەندەك، بۇرۇن ھوقۇق تۇتقان ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلگەن پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىغا كېلىشكە باشلىغان، بۇ ئورۇندىكىلەرمۇ ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتكەنىكەن. تەكشۈرۈش ئىچكىرىلىگەنچە مەسىلىلەر چۇۋۇلۇپ چىقىۋەرگەن، چۇۋۇلغانسېرى سادىقنىڭ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، پارا يېيىش، پارا بېرىپ ئەمەل سېتىۋېلىش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى چۆنتىكىگە سېلىۋېلىش قاتارلىق ئېغىر مەسىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن پاش بولغان. بۇنىڭغا ئۇلىشىپ، ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى دەرۋازا يۆتكەش، ئەمەل سېتىش قاتارلىق مەسىلىلىرىمۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. كىم ئىنكاس قىلغانلىقى نامەلۇم، سادىقنىڭ بۇ مەسىلىلىرى قاتارىدا ئۆزى يامان كۆرگەنلەرنى چەتكە قاققان، ئۆچ ئالغانلىقى، بۇنىڭ تىپىك مىسالى تاھىر ئىسىملىك بىر كىشى ئىكەنلىكىمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا يەتكەن. مەن مانا شۇ سەۋەبتىن چاقىرتىپ كېلىنىپتىمەن.

تۇداخۇندىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ھاردۇق يەتكەندەك ئولتۇرۇپ قالدىم. خۇش بولۇشۇم كېرەكمۇ؟ سادىقنىڭ ماڭا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئويلىغىنىمدا قاتتىق خۇش بولۇشۇم كېرەك. بىر چاغلاردا، "بىرگە قىلغان بىردە قالمايدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، ھامان بىر كۈنى سېنىمۇ پالاكەت باسقىنىنى كۆرىمەنغۇ" دەپ ئويلىغان، شۇنداق كۈننىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتكەنىدىم. مانا ئەمدى بۇ كۈنمۇ يېتىپ كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنىڭ خۇش بولغان - بولمىغانلىقىمنى پەرق ئېتەلمىدىم. كاللام مۇرەككەپ خىياللارنىڭ تىنماي قوچۇشى بىلەن گاراڭ بولۇپ كەتتى.

- مانا شۇنداق ئىشلار بولۇپ كەتتى، تاھىرجان،- دېدى تۇداخۇن

ئاخىرىدا تامىقىنى چىكىلدىتىپ،ـ ئۇ ئادەمدىن ھەممەيلەن
نىجاسەتتىن قاچقاندەك قېچىشتى، ئۆي ۋە ئىشخانىسىنىڭ ئىشىك
تۈۋىدىن نېرى كەتمەيدىغانلار بۇنداق چاغدا ھەممىدىن بۇرۇن
قاچىدىغان گەپ ئىكەن. مۇشۇ كۈنده ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلمايدۇ،
ئۆزى ئورۇقلاپ شۈمەكتەك بولۇپ قالدى... ئازمايدىغان ئادەم بارمۇ؟
يەنىلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇچرىشىپ قالساملا تىنچلىق
سوراپ قويىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋىللىدە ياش
كېلىدۇ.

ـ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ سىزنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى ـ دە! ـئۆزۈمچە
تۇداخۇنغا چاقچاق قىلغۇم كېلىپ قالدى.

ـ ئاھاي، قويۇڭا مۇشۇ گەپنى! ـ تۇداخۇننىڭ راستتىنلا تېرىككىنىنى
تۇنجى قېتىم كۆردۈم،ـ مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى،
مىجەزىمنىڭ قانداقلىقىنى تازا ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق گەپ
قىلسىڭىز ماڭا ئۇۋال بولمامدۇ، تاھىرجان! ماڭا ئەمەل بېرىپ
قالارمىكىن دەپ ئەمەس، ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا، يۈرىكى بەك پۇچۇلىنىپ
كەتمىسۇن دەپلا، ئوغلىنىڭ ئىشىنى يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشقا
ماقۇل بولدۇم شۇ! بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئەمەلدىن باشقا نەرسە
يوق ئىكەن، شۇنداق قىلسام، مېنىمۇ تەمەسى بار دەپ قاپتۇ.
ئۇنىمىسام ئۇنىمىدى... تاس قالدىم بۇ قېتىم پۇل خەجلەپ ئەمەل
سېتىۋالغانلار قاتارىغا كىرىپ قالغىلى!... مانا، ئىستېپانامە
يېزىپ يۈرۈپ بۇ ئىشتىنمۇ قۇتۇلۇۋالدىم.

تۇداخۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بالكوندا يېرىم كېچىگىچە
ئولتۇردۇم. سۈپسۈزۈك كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى.
ئۇرۇمچىدە بۇنداق كېچىلەرنى كۆرۈش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇ بەلكىم
مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش خاتىرجەملىكىمنىڭ بېشارىتىدۇر.
لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا پاراكەندە ئىدى. ئالىي مەكتەپتىكى ھايات كۆز
ئالدىمدىن ئۆتتى، بىراق ئېسىمدە سادىقنىڭ بېشىمغا ئۇزۇن قەغەز
قالپاقنى كىيدۈرۈپ، بىرمۇنچە "جىن ـ شەيتانلار" قاتارىدا چاپتۇرۇپ
يۈرگىنىلا ئېسىمدە قالغاندەك قىلاتتى. بىراق دېھقانچىلىق
مەيدانىدىكى ئىشلار بىرمۇبىر ئېنىق ئېسىمدە ئىدى.

سادىق ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن تارتقان

خورلۇقلىرىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلدى. يۈرىكىم غەزەپتىن تىترىدى، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ تاپتا مەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە جىمى ھېكايىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. تۇيۇقسىز بىر ئاقار يۇلتۇز ئاسماننى يېرىپ نەگىدۇر غايىب بولدى. مەن يەنە ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن ھېلىقى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، بەزى ئىشلار توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرمىسەمۇ، سادىقنىڭ پاش بولغان مەسىلىلىرى ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات قىلىشقا يېتەتتى. شۇنداق بولغانىكەن، مېنىڭ بۇ سېسىق كۆلچەككە قول ئۇزىتىپ، ئۆزۈمنى پاسكىنا قىلىشىمنىڭ ئورنى بارمۇ؟...

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن قىلغان بىرقانچە قېتىملىق سۆھبىتى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى.

تەڭشەپ يەنە بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغۇچىلىكىمۇ قالمىغان سادىق مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىلدى. ئۇ ئۆيىدىن ئاساسەن چىقمايتتى، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. بەزى ـ بەزىدە ھېلىقى ئالتۇن چىشلىق، ئالتۇن كالپۇكلۇق ئايالنىڭ ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن كىمنىدۇر تىللاۋاتقىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. رازىق يەنە بىر قېتىملىق ئوغرىلىق دېلوسى بىلەن كىرىدىغان يېرىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى، سادىق بىلەن دوقۇرىشىپ قالدىم. ئۇ راستتىنلا ئورۇقلاپ شۇمەكتەك بولۇپ قالغانىدى. بوياقسىز چاچلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىنمۇ بىرنەچچە تال ئاق تۈك دىردىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئىلگىرى كىشىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن ئالدىدا توختاپ مەيدەمنى كېرىپ تۇرۇپ بىر ئۆمۈرلۈك ئەسكىلىكلىرىنى يۈزىگە سالساممۇ، يۈزىگە شارتتىدە تۈكۈرسەممۇ بولاتتى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـ قانداق، تىنچلىقمۇ؟ـ دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلدىم ـ دە، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۈمەللىشى بىلەن كارىم

بولماي كېتىپ قالدىم.

"قانداق، تىنچلىقمۇ!" دېگەن بۇ سۆزگە مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ـ ئەلىمىم، غەزىپىم، نەپرىتىمنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەم بولغانىدى.

* * *

تۇداخۇن ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئىشىك تۇۋىدە سادىق قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى ياشاڭغىرىغانىدى. لېكىن بۇ ياشلارنىڭ مېنىڭ ئۆلۈمىمگە بولغان قايغۇرۇشتىن پەيدا بولمىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ باشقىلار ئۇچۇن ياش تۆكۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ شۇنداق بەندە ئىدىكى، ئۆزى ئۇچۇن، بېشىدىن ئۇچۇپ كەتكەن نۇسرەت قۇشى ئۇچۇنلا ياش تۆكىدۇ. لېكىن ئامەت ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈككە يىراقلاشتى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرى ئەنە شۇنداق ھەسرەت بىلەن ئۆتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغانلىقىم ئۇچۇن قىلچە ئۆكۈنمىدىم. ئۇ ياشىسۇن، ئۇزۇن يىللار ياشىسۇن. يىللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجايدۇ، ئۇنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ھېكايىسىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ، باشقىلارنى ئۇنىڭدەك ئادەم بولۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مەن كېتەي، خاتىرجەم كېتەي!

ئەمدىكى ۋىدالاشقۇچى كىم؟

2001- يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

تورغا تەييارلىغۇچى : ئۇيغۇر تور بىكىتىدىن ئۇيغۇر